2014
5

شىنجاڭ ئاخبارات-نەشرىياتچىلىقىنىڭ شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى
新疆新闻出版“东风工程”

# يېزا پەن - تېخنىكىسى

# 农村科技



مۇنەۋۋەر مودا كىيىم سودا
چەكلىك شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى
— مۇنەۋۋەر قادىر

مۇنەۋۋەر
بودەك خانىم
BODAK HANIM
چىمۋەر
WAR

ئۈرۈمچى مۇنەۋۋەر مودا كىيىم سودا چەكلىك شىركىتى
乌鲁木齐市米娜娃时装商贸 司
со Урумчийской торговой компанией одежды Минава Лтд
Urumqi Minawa Clothing Trade Co., Ltd.

ISSN 1004-1095
05>
9 771004 109006







ئۈرۈمچى شەھىرى مۆنەۋۋەر مودا كىيىم سودا چەكلىك شىركىتى 1990-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بېكىتىپ بەرگەن مىللىي كىيىم-كېچەكلەرنى نۇقتىلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا. 150تىن ئارتۇق ئىشچى-خىزمەتچىسى، 500 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان مەخسۇس سېتىش دۇكانلىرى بار. شىركەت قۇرغۇچىسى مۆنەۋۋەر خانىم جۇڭگودىكى ئاتاغلىق 100 ئايال كارخانىچىنىڭ بىرى. جۇڭگو ئايال كارخانىچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. شىنجاڭ ئايال كارخانىچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى. ئۇ ئىزچىل تۈردە ساخاۋەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، 3000 دىن ئارتۇق كەشتىچى ۋە تىككۈچىلەرنى تەربىيەلىگەن ھەم ئىئانە قىلغان پۇلى بىر مىليونغا يەتكەن. مۆنەۋۋەر خانىمنىڭ تېنىنىڭ سالامەت، ئىشلىرىنىڭ يەنىمۇ بەرىكەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشمىز.

ھەلىمە تۇرسۇن فوتوسى ۋە خەۋىرى









2014 ـ يىل 5 ـ سان
(ئومۇمىي 349 ـ سان)

يېزا ئىگىلىك - تېخنىكىسى
全国优秀科技期刊,省级月刊

ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىندى.

# بۇ ساندا

## تېرىش پەرۋىش

قوغۇننىڭ مايسا مەزگىلىدىكى پەرۋىشى ......................مۇللامەت ھاجىمەمەت (1)
سىلوس كۆممىقونىقنى يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ............تۇرسۇن قاسىم قاتارلىقلار (3)
ئۇرۇقنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى ..............................بۇخىلىچەم ئەمەت (5)
يازلىق پالەك ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ......................ئەكپەر ئەخەت قاتارلىقلار (7)

## ئوغۇت تۇپراق

يوپۇرماق ئوغۇتىنى ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار............گۈلنىسا سېتىۋالدى (8)
ئۇرىيا ئوغۇتىنى ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار.............. مەريەم توختى (9)
كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشىدا ئورگانىك ئوغۇتنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ئۇسۇلى
...............................................ئايشەمگۈل سېتىۋالدى (11)
خىمىيەۋى ئوغۇتلارنى دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشنىڭ پايدىسى
...............................................ماھنۇر ھەمدۇللا (13)

## باغۋەنچىلىك

چىلاننىڭ چېچەكلەش مەزگىلىدىكى پەرۋىشى ......................ئاسمىگۈل غوپۇر (15)
چىلاننىڭ يازلىق پەرۋىشى ......................................گۈلجەمىلە ئەمەت (17)

## ئۆسۈملۈك ئاسراش

دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا بىخەتەر ئىشلىتىش ئۇسۇلى............مۇنەۋۋەر مەتروزى (19)
قىزىلچا يىلتىز چىرىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ...................مەختۇمخان بارات (20)
پارىنىك تەرخەمەكنىڭ بويىغا زورلاپ ئۆسۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى
...............................................ئەكرەم ئىلەكپەر (21)
ئۈزۈم ئاق تۇزان كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى............باسىت تالىپ قاتارلىقلار (24)
ئۈزۈم قىرووۋسىمان پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى
...............................................ھەمىدىگۈل ئابدۇرېشىت (25)
پارىنىك كۆكتاتلىرىدىكى تىرپىسنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ........ رەيھانگۈل ئەرشى (27)
كېۋەزنىڭ مايسا مەزگىلىدە كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىك زىيانداشلىقىغا ھۆكۈم قىلىش......روزىگۈل تۇردى (28)
ئالما ئاق تۇزان كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ........ پاتىگۈل مامۇت (30)

## سۇچىلىق


ئانارلىق باغلارنى سۇغىرىش تېخنىكىسى ..........................مۇيەسسەرجان قۇربانىياز (31)
قۇدۇق ئارقىلىق سۇغىرىش ۋە سۇ ئۆلچەشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار....ئەخمەتجان باقى (35)
ئېرىق - ئۆستەڭلەردىكى سىڭىش ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرى ............ پاتىگۈل قۇتلۇق (38)
ئېتىز تەجرىبىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەجرىبە يېرىنى تاللاشتا سۇغىرىش ئامىلىنى ئال -
دىن ئويلىشىش كېرەك ..............................................تۇرسۇنگۈل جامال (39)
كېۋەزنى سۇ تېجەپ سۇغىرىش ئۇسۇلى ..........................سەيدىگۈل قۇربان (42)


## چارۋىچىلىق مالدوختۇرلۇق


سېغىن ئىنەكنىڭ تۇيىقىنى ئاسراشتىكى مۇھىم نۇقتىلار ................. رايىلە پولات (44)


## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى


يېڭى سېتىۋالغان ياكى چوڭ رېمونتتىن چىققان تىراكتورلارنى كۆندۈرۈش ئۇسۇلى .....تۇرغۇن ئەمەت (46)


## يېزا ئېنېرگىيەسى


پاتقاق گازى ئوچىقىدىكى ۋە پاتقاق گازى چىرىغىدىكى كاشىلىلارنى ئوڭشاش ئۇسۇلى ....ھۆرنىسا ئابلىكىم (48)


## سالامەت بولۇڭ


بالىلاردىكى ئوت كۆيۈكى ۋە سۇ كۆيۈكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ...... رىزۋانگۈل ھەبىبۇللا (50)
ئۈجمىنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتى ھەم ئىقتىسادىي قىممىتى ............تۇرسۇن پىداقۇل (51)


## قانۇن ئۆگىنەيلى


جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قورامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى ............(54)


## بىلىۋېلىڭ


زىيانسىز يېمەكلىك، يېشىل يېمەكلىك، ئورگانىك يېمەكلىك ۋە ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى ......ئابدۇللا روزى (56)
پاختا دەرىجىسىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ..........تۇنىساخان (58)
ئاپتورلار سەمىگە...............................................................(60)



باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن
مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت ھەبىبۇللا
مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەت

农村科技
Rural Science & Technology

2014年第5期
总349期

新疆维吾尔自治区党委农办、自治区扶贫办、自治区科协、新疆维吾尔自治区农业科学院和新疆农业大学联合主办、面向新疆农牧区、国内外公开发行的综合性省级科普月刊。

## 栽培管理

甜瓜苗期管理 …… 木拉买提·阿吉买买提(1)
青贮玉米高产栽培方法 …… 吐尔逊·哈斯木等(3)
种子处理方法 …… 布合力其木·艾买提(5)
菠菜栽培技术 …… 艾克拜尔·艾海提等(7)

## 土壤肥料

叶面肥使用注意事项 …… 古力尼萨·斯提瓦尔地(8)
尿素使用注意事项 …… 买尔艳木·托乎提(9)
蔬菜生产有机肥合理使用方法 …… 阿依木古丽·斯提瓦尔地(11)
化肥农药混合使用好处 …… 玛依努尔·艾木都拉(13)

## 园艺特产

枣树花期管理 …… 阿斯木古丽·吾莆尔(15)
枣树夏季管理 …… 古力加米拉·艾买提(17)

## 植物保护

农药安全科学使用方法 …… 穆乃外尔·买提如则(19)
甜菜根腐病防治方法 …… 买合吐木汗·巴拉提(20)
温室黄瓜徒长防治措施 …… 艾克热木·艾力艾克拜尔(21)
葡萄白粉病防治方法 …… 巴斯提·塔力甫等(24)
葡萄霜霉病防治方法 …… 艾米迪古丽·阿布都热西提(25)
温室蔬菜蓟马防治方法 …… 热依汗古力·艾西丁(27)
棉花苗期常见病害诊断 …… 茹则古丽·吐尔地(28)
苹果白粉病防治方法 …… 帕提古丽·马木提(30)

## 农田水利

石榴浇水技术 …… 米叶斯尔·库尔班尼牙孜(31)
井灌溉及测水注意事项 …… 艾合买提江·巴克(35)
渠道渗水及防渗方法 …… 帕提古丽·库提鲁克(38)
安排田间试验及选择试验地必须提前考虑灌溉因素 …… 吐尔逊古·加马力(39)

棉花节水灌溉方法 ........................ 赛迪古丽·库尔班(42)

## 畜牧兽医

奶牛护蹄要点 ........................ 热依拉·普拉提(44)

## 农业机械

新购买或大修拖拉机磨合方法 ........................ 吐尔洪·艾买提(46)

## 农村能源

沼气炉子和沼气灯故障维修方法 ........................ 吾尔尼沙·阿布力克木(48)

## 健康常识

儿童火伤和烫伤预防及治疗 ........................ 热孜万古力·艾比布力(50)
桑子的药用及经济价值 ........................ 吐尔孙·皮大库力(51)

## 法律常识

中华人民共和国未成年人保护法 ........................(54)

## 百科知识

无公害食品，绿色食品，有机食品及实际区别 ........................ 阿不都拉·肉孜(56)
棉花等级影响因素及防治措施 ........................ 吐呢沙汗(58)
作者须知 ........................(60)

---

主管主办：新疆维吾尔自治区农业科学院
编辑出版：《农村科技》杂志社维文编辑部
主　　编：艾力曼·吐尔逊　　电话（传真）0991-4505075
责任编辑：阿布来提·艾比布拉　　编辑：艾尼瓦尔·买买提
地　　址：乌鲁木齐市南昌路403号　邮编：830091
印　　刷：新疆新华印刷厂　　定价：2.00元
发　　行：乌鲁木齐市邮政局
订　　阅：全国各地邮局，各县扶贫办、科技局、农经局和本刊编辑部
国际标准刊号：ISSN　1004－1095
国内统一刊号：CN65－1046/S－W
邮政代码：58－123　广告许可证号：0016
收款单位：新疆农业科学院农业经济与科技信息研究所
开户银行：中国农业银行股份有限公司乌鲁木齐南昌路支行
行　　号：103881000461 账号：30-004601040000839

# قوغۇننىڭ مايسا مەزگىلىدىكى پەرۋىشى

مۇللامەت ھاجىمەمەت
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 845350)

**1. مايسا بەلگىلەش:** نورمال ئەھۋال ئاستىدا، ئۇرۇق تېرىلىپ 7 ـ 10 كۈندىن كېيىن تولۇق ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئەگەر مايسا تەكشى ئۈنۈپ چىقمىسا، ۋاقتىدا تولۇقلاپ تېرىپ، مايسىنىڭ تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۇرۇقنى تېرىغاندىن كېيىنكى 15 ـ 20 كۈن ئىچىدە، مايسا بىر تال ھەقىقىي يوپۇرماق چىقارغاندا، مايسا كەم ئۈۋىغا ئۇرۇقنى ىخلاندۇرۇپ تولۇقلاپ تېرىش كېرەك. مايسا 1 ـ 2 تال ھەقىقىي يوپۇرماق چىقارغاندا، ھەربىر ئۈۋىدا 2 ـ 3 تۈپ مايسا قالدۇرۇپ، ئاجىزلىرىنى يۇ- لۇۋېتىش كېرەك. مايسا 3 ـ 4 تال يوپۇرماق چىقارغاندا مايسا بەلگىلەپ، ھەربىر ئۈۋىدا بىر تۈپتىن مايسا قالدۇرۇش كېرەك.

**2. چاغلاش ۋە ئوتاش:** مايسا بەلگىلەپ بولغاندىن كېيىن، تۈپ ئەترا- پىدىكى تۇپىنى ئوتۇغۇچ بىلەن يۇمشىتىپ، ئاندىن تۈۋىگە تۇپا يۆلەپ ماي- سىنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. تۇپرىقنى چاغلاپ يۇمشىتىشقا بىرلەشتۈ- رۈپ، چۆنەك ئىچىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى ئوتاش كېرەك.

**3. ئوغۇتلاش:** تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك: (1) ئورگانىك ئوغۇتقا خىمىيەۋى ئوغۇتنى مۇۋاپىق نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش كېرەك، ئورگانىك ئوغۇتقىلا ياكى خىمىيەۋى ئوغۇتقىلا تايىنى- ۋېلىشقا بولمايدۇ. (2) تۇپراقنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبىگە ئاساسەن، ئازوت، فوسفور، كالىيدىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم ئېلېمېنتنى ماسلاشتۇرۇپ بې- رىش، ھەرگىزمۇ ئازوتلۇق ئوغۇتلارنى يەككە ئىشلەتمەسلىك كېرەك؛ (3) مايسا مەزگىلىدە ئازوتلۇق ئوغۇتلارنى مۇۋاپىق مىقداردا يەككە ئىشلەتسە بولىدۇ، چېچەكلەپ خەمەك چۈشكەندىن كېيىن، ئازوت، فوسفور، كالىيلىق بىرىكمە ئوغۇتلارنى ئاساس قىلىپ ئوغۇتلاش، قوغۇن پىشىش مەزگىلىدە

كالىبىلىق ئوغۇتلار بىلەن ئاز ـ ئازدىن قوشۇمچە ئوغۇتلاش، ئازوتلۇق ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلىماسلىق كېرەك.

**4. سۇغىرىش:** مايسا ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن سۇغىرىشنى مۇۋاپىق كونترول قىلىپ، مايسا ئولتۇرغۇزۇش كېرەك، سۇغىرىشنى كونترول قىلىپ مايسا ئولتۇرغۇزۇش ۋاقتى 35 ـ 45 كۈن قىلىنىدۇ. مايسا ئولتۇرغۇزۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سۇغىرىلىدۇ، بۇ قېتىم مۇۋاپىق كۆپرەك سۇغارسا، تۈپنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ، چېچەكلەش ۋە خەمىكى يوغىناش مەزگىلىدە چوڭ ئېرىق ۋە ئوتتۇراھال ئېرىققا ھەر 7 ـ 15 كۈندە بىر قېتىم سۇ قويۇلىدۇ، سۇغىرىش مىقدارى جەھەتتە ئېرىقنىڭ 2 ـ 3 قىسمى توشقىچە سۇغىرىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ. قوغۇن پىشىش مەزگىلىدە سۇغىرىش مىقدارى ئېرىق چوڭقۇرلۇقىنىڭ 1 ـ 2 چىلىك بولسا بولىدۇ. ئادەتتە چىلگە سورتلاردا قوغۇننى ئۈزۈشتىن بەش كۈن بۇرۇن، ئارا پىشار، جاغدا سورتلارنى ئۈزۈشتىن 10 ـ 15 كۈن بۇرۇن سۇغىرىش توختىتىلىدۇ.

**5. پىلەك ياتقۇزۇش:** قوغۇن پىلىكى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئۆسكەندە (5 ـ 6 تال يوپۇرماق چىقارغاندا) پىلەك تاراشقا بىرلەشتۈرۈپ، تۈپ تۈۋىدىكى توپىنى يۇمشىتىپ، تۈۋىدىكى ئېرىق تاختىسىنىڭ بىر يېنىدىن گۈرجەك بىلەن كىچىك ئېرىقچە چېپىپ، قوغۇن پىلىكىنى ئۇنىڭ ئىچىگە ياتقۇزۇپ، تۈپ تۈۋىدىن ئېرىققا يانداش تەرىپىگە توپا يۆلەش ياكى بىر تال چالما باستۇرۇپ قويۇش كېرەك.

**6. پىلەك باستۇرۇش:** ئادەتتە پىلەك تارتىشتىن قۇرى يېپىلغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا ھەر 4 ـ 5 بوغۇمدا بىر پىلەك باستۇرۇلىدۇ، ئەڭ ياخشىسى پىلەكنى چالما بىلەن بىۋاسىتە باستۇرۇش كېرەك. پىلەكنى چوقۇم ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن باستۇرۇش، يوپۇرماقنى باستۇرماسلىق، قوغۇن چۈشىدىغان بوغۇمنى باستۇرماسلىق كېرەك. (03)

# سىلوس كۆممىقوناقنى يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

تۇرسۇن قاسىم
(لوپنور ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 841500)
تۇرسۇن قىيىم
(لوپنور ناھىيە شىڭپىڭ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 841500)

تۆۋەن ھوسۇللۇق يەرلەرگە كۆممىقوناق تېرىپ، ئورگانىك يەم ـ خەشەك مەنبەسىنى بەرپا قىلىپ، باقمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كەسىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن يېتەرلىك ئاساس بىلەن تەمىنلەش، بىر يىلدا ئىككى قېتىم سىلوس كۆممىقوناقنى ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئۆستۈرۈشتە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك:

**1. سورت تاللاش:** سىلوس كۆممىقوناق سورتلىرىدىن «شىنجاڭ كۆممىقوناقى ـ 12» (ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى 118 كۈن)، «شىنجاڭ كۆممىقوناقى ـ 11» (ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى 115 ـ 120 كۈن)، «شىنجاڭ 1 ـ نومۇر» (ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى 110 كۈن) قاتارلىقلار بار. سورت تاللىغاندا ئۆز يېرىنىڭ قىرووسىز مەزگىلىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىغا ئاساسەن مۇۋاپىق كېلىدىغان سورتلارنى تاللاش، بولۇپمۇ ئىككى قېتىملىق تېرىشقا ماس كېلىدىغان سورتلارنى تاللاش كېرەك.

**2. تېرىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق:** ئۇنۇمدارلىقى ئوتتۇراھالدىن يۇقىرى يەرلەرنى تاللاش كېرەك، تېرىشتىن بۇرۇن يەرنى تۈز، نەم، يۇمشاق، پاكىز بولۇش دەرىجىسىگە يەتكۈزۈش كېرەك، ئېڭىزغا تېرىش ۋاقتى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 7 ـ ئاينىڭ بېشىغىچە بولسا بولىدۇ.

**3. مۇۋاپىق پەيتتە تېرىش:** ئىككى قېتىملىق سىلوس كۆممىقوناقنى ئۇدا تېرىشتا ۋاقىتنى ئۇتۇش ئۈچۈن، ئەتىيازلىق تېرىمنى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن بۇرۇن ئاخىرلاشتۇرۇش، 2 ـ قېتىملىق تېرىشنى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن بۇرۇن ئاخىرلاشتۇرۇش كېرەك. تېرىشتىن بۇرۇن ئۇرۇقنى 3% لىك فۇرادان (呋喃丹) دانچە دورىسى بىلەن دورىلاش ئارقىلىق، يەر يولۋسى زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئادەتتە يوپۇق كەڭلىكى 1.4 مېتىر، تۈپ، قۇر ئارىلىقىنى (25+45+25+55)×25 ـ 30 سانتىمېتىر، ھەر مو يەردىكى تۈپ سانىنى 6000 ـ 7000 تۈپ قىلىش، ماي-

سا مەزگىلىدە ئاز مىقداردا سۇغىرىش، ئوتتۇرا، كېيىنكى مەزگىلىدە سۇ-يىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىش، بوران چىقىۋاتقاندا سۇغارماسلىق كېرەك. تېمىد-تىپ سۇغىرىش ئېتىزىدا 8 ـ 10 قېتىم سۇغىرىش لازىم. ھەر قېتىم سۇغىرىش مىقدارى ھەر موسىغا 20 ـ 30 كۇپ مېتىر بولۇش، بوغۇم تار-تىشقا باشلىغاندا تۇنجى سۇيىنى قويۇش، ئادەتتىكى ئېتىزدا ئون كۈندە بىر قېتىملىق سۇغىرىش، تېمىتىپ سۇغىرىش ئېتىزىدا 4 ـ 6 كۈندە بىر قېتىم سۇغىرىش كېرەك.

**4. ئوغۇتلاش:** تۇپراقنى نىسبەت بويىچە ئوغۇتلاش، يەنى ھەر مو يەرگە مەھەللىۋى ئوغوتتىن 1200 ـ 1500 كىلوگىرام، فوسفورلۇق ئوغۇتتىن 20 ـ 25 كىلوگىرام، ئازوتلۇق ئوغۇتتىن 12 كىلوگىرام، كالىيلىق ئو-غۇتتىن 8 ـ 12 كىلوگىرام تەييارلاپ، يەرنى ئاغدۇرۇشتىن بۇرۇن تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك. ھەر موغا 40 ـ 50 كىلوگىرام ئورىيا (尿素) قوشۇمچە ئوغوت قىلىپ بېرىلىدۇ. ئادەتتىكى ئېتىزلارنى سۇغار-غاندا ئورىيا ئايرىم ھالدا بىرىنچى سۇيىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەر موغا بەش كىلوگىرام 2 ـ، 3 ـ 4 ـ سۇيىگە بىرلەشتۇرۇپ ھەر موغا ھەر قېتىمدا 10 كىلوگىرامدىن بېرىلىدۇ، تېمىتىپ سۇغىرىش ئېتىزىغا ئالدىنقى مەزگىلدە يېنىك، كېيىنكى مەزگىلدە كۆپرەك بېرىش پىرىنسىپى بويى-چە قوشۇمچە ئوغوتى 5 ـ 7 قېتىمغا بۆلۈپ بەرسە بولىدۇ.

**5. پەرۋىشى:** (1) مايسا مەزگىلىدىكى پەرۋىشى: مايسا مەزگىلىدە ۋاقتىدا كولتىۋاتسىيە قىلىش، بوغوم چىقىرىش مەزگىلىدە كولتىۋاتسىيە قىلىپ توپا يۆلەش، جەمئىي ئۈچ قېتىم كولتىۋاتسىيە قىلىش كېرەك. ئۈچ تال يوپۇرماق چىقارغان مەزگىلدە مايسا بەلگىلىنىدۇ، غول تارتىش مەزگىلىدە كولتىۋاتسىيە قىلىش بىلەن بىرگە يوپۇقنى ئېلىۋېتىپ، يو-پۇقنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئىككى قۇردىكى كۆمىقوناقنا توپا يۆلەش لازىم. (2) تۇپلىنىش مەزگىلىدىكى پەۋرىشى: تۇپلىنىش بولسا ئىنتايىن مۇھىم ھالقا بولوپ، ھەر بىر تۈپتە ئۈچ تال ئۈچ قالدۇرۇش لازىم (ئاساسىي غولنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.) (3) زىيانداش ھاشاراتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقى-تىش: سىلوس كۆمىقونىقنى زىيانسىز ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قى-

# ئۆرۈكنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى

بوخىلچەم ئەمەت
(ئاقتۇ ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 845550)

زىرائەتلەرنىڭ ئۆرۈكنى تېرىشتىن بۇرۇن بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمايدۇ، شۇنداقتىمۇ كۆپ ساندىكى ئۆرۈكلارنى تېرىشتىن بۇرۇن بىر تەرەپ قىلىشتا مۇنداق تۆت باسقۇچلۇق تېخنىكىلىق ھالقىنى توغرا ئىگەللەش كېرەك:

**1. ئۆرۈكنى ئاپتاپقا سېلىش:** بەزى كېسەللىك مىكروبى ۋە ھاشارات قالدۇقلىرىنى كۆچلۈك كۈن نۇرى ئارقىلىق تىزگىنلەش ۋە ئۆرۈكنىڭ تىنچلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئۆرۈكنى تېرىشتىن بۇرۇن ئىككى كۈن ئەتراپىدا ئاپتاپقا سېلىش ھەم پات ـ پات ئارىلاشتۇرۇش كېرەك.

**2. ئۆرۈكنى ئىلمان سۇغا چىلاش:** ئاپتاپقا سېلىپ تەييارلىغان ئۆرۈكنى 55℃ لۇق سۇغا ئۇدۇللۇق چىلاپ 10 ـ 20 مىنۇت توختىماستىن

---

لىش ئۈچۈن زىيانداش ھاشارەتلەرگە بىئولوگىيەلىك ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلغان مۇداپىئە ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك، زۆرۈر بولغاندا يۇقىرى ئۈنۈملۈك، زەھەرچانلىقى تۆۋەن دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ياكى بىئولوگىيىلىك دورىلارنى تاللاپ ئىشلىش لازىم.

**6. يىغىۋېلىش:** يەم ـ خەشەك كۆممىقۇنىقىنى يىغىۋېلىشتىكى ئەڭ ياخشى ۋاقىت سۇتلىنىش، مومىلىشىش مەزگىلى بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا غول، يوپورماقلىرى يېشىل، ئوزۇقلۇق مىقدارى يۇقىرى بولۇپ، يەم ـ خەشەك قىلىشقا ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقىت ھېسابلىنىدۇ. 1 ـ قېتىملىق ھوسۇلىنى يىغىۋېلىشتىن 5 ـ 10 كۈن بۇرۇن بىر قېتىم سۇغىرىپ، 2 ـ قېتىملىق تېرىشقا تەييارلىق قىلىنىدۇ ھەمدە ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ يەر قۇرۇپ كېتىشتىن بۇرۇن 2 ـ قېتىملىق يەم ـ خەشەك كۆممىقۇنىقى تېرىلىدۇ، 2 ـ قېتىملىق تېرىلغان يەم ـ خەشەك كۆممىقۇنىقىنىڭ پەرۋىشى 1 ـ قېتىملىق يەم ـ خەشەك كۆممىقۇنىقى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. (02)

ئارىلاشتۇرۇش كېرەك. ئىلمان سۇنى تەڭشەشتە تېرمومېتىر بولمىسا، ئىككى ھەسسە قايناق سۇغا بىر ھەسسە سوغۇق سۇ قوشۇپ 50℃ ـ 60℃ لۇق ئىسسىق سۇ تەييارلىسا بولىدۇ. ئۇرۇقنى ئىسسىق سۇدىن ئېلىپ 30℃ لۇق ئادەتتىكى ئىلمان سۇدا 8 ـ 10 سائەتكىچە تۇرغۇزۇپ، بىخنىڭ ئويغىنىشىنى ئىلگىرى-سۈرۈش كېرەك.

**3. ئۇرۇقنى دورا بىلەن بىر تەرەپ قىلىش:** (1) ئۇرۇقنى دورا سۇيىگە چىلاش: سۇغا چىلانغان ئۇرۇقنى سۈزۈپ ئېلىپ، 10% لىك ئۈچ ناترىيلىق فوسفات (磷酸三钠) ئېرىتمىسىگە 10 ـ 20 مىنۇت ياكى كالىي پېرمانگانات (高锰酸钾) نىڭ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىگە 30 ـ 40 مىنۇت ۋە ياكى 1% لىك مىس سۇلفات (硫酸铜) نىڭ ئېرىتمىسىگە بەش مىنۇت چىلاپ، پاكىز سۇدا 2 ـ 3 قېتىم يۇيۇپ، يەنە 25℃ ـ 30℃ لۇق سۇغا 2 ـ 3 سائەت چىلاش كېرەك؛ (2) ئۇرۇقنى دورىلاش: ئۇرۇقنى دورىلاشتا ئاساسلىقى ئاچ ئازولون (三唑酮)، لۇخېڭ ـ 2 (绿亨2号)، تىرام (福美双)، بەنجوڭشۇاڭ (拌种双) قاتارلىق پاراشوك تۈردىكى خىمىيەلىك دورىلار بىلەن دورىلىسا بولىدۇ.

**4. ئۇرۇقنى بىخلاندۇرۇش:** ئۇرۇقنى پاكىز يۇيۇپ سۈزۈۋېلىپ، ھۆل داكا ياكى باشقا رەخت بىلەن ئوراپ، تەخسە ئۈستىگە قويۇپ، تېمپېراتۇرىسى 25℃ ـ 30℃ قا تەڭشەلگەن ئۇرۇق بىخلاندۇرۇش ساندۇقىغا ياكى تېمپېراتۇرىسىنى 25℃ ـ 30℃ تا ساقلاشقا بولىدىغان ئىسسىق كاڭغا قويۇپ بىخلاندۇرۇش كېرەك. ئادەتتە 40 ـ 48 سائەت تۇرغۇزۇلسا 70% ئۇرۇق بىخ چىقىرىدۇ. بىخلاندۇرۇش جەريانىدا ھەر ئىككى سائەتتە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ، ھۆل داكىنى ئىلمان سۇ بىلەن نەمدەپ، ئۇرۇقنىڭ قۇرۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

ئۇرۇق بىخلاندۇرۇش ساندۇقى بولمىسا، ئائىلىدە ئىشلىتىدىغان چايدان ئىچىدە بىخلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانسا بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا، چايداننىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا 40℃ لۇق ئىلمان سۇ قويۇپ، چايداننىڭ ئاغزىدىن پاتقۇدەك ئۇرۇقنى داكىغا ئوراپ، ئورالغان داكىنى يىپ بىلەن باغلاپ، داكىنى چايدان ئىچىگە سۇ بىلەن چىلاشمىغۇدەك ھالەتتە ئېسىپ، ئاندىن چايداننىڭ ئاغزىنى ھىم ئېتىش كېرەك. مۇشۇ ھالەتتە 24 سائەت تۇرغۇزغاندىن كېيىن داكىنى ئېلىپ، بىخلانغان ئۇرۇقنى ئېتىزغا تېرىش كېرەك. (03)

# يازلىق پالەك ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى

ئەكپەر ئەخەت
(غۇلجا شەھىرى توغراق يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن 835000)
سانىيە ئەبەيدۇللام
(غۇلجا شەھىرى خەنبىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن 835000)

**1. تېرىش مەزگىلى:** كۆزگى بۇغداي ياكى كۆزگى قىچا قاتارلىق زىرائەتلەر ئۆرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ پالەكنى تېرىش لازىم. شەھىرىمىزدە 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 7 ـ ئاينىڭ باشلىرى تېرىدىغاندا 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىغىچە بازارغا چىقىدۇ. بۇ چاغدا چىققان پالەكنىڭ بازاردىكى باھاسى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

**2. سورت تاللاش:** كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتكە چىداملىق، ئۆسۈشى تېز، ئىسسىققا بەرداشلىق بىرەلەيدىغان، «خۇا بۇ ـ 1» («华菠一号») «گوللاندىيە پالىكى CH1098 ياكى CH1100 قاتارلىق سورتلارنى تېرىش كېرەك.

**3. ئۇرۇقنى بىر تەرەپ قىلىش:** يازلىق پالەك تېرىش تۆمۈر مەزگىلىگە توغرا كەلگەچكە ئۇرۇقنى سوغۇق سۇغا چىلاپ، بىخلاندۇرۇپ تېرىسا بىر قەدەر ياخشى بولىدۇ، ئۇرۇقنى ئادەتتە 12 ـ 14 سائەت سۇغا چىلىسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ئۇرۇقنى سۇغا چىلاپ بولغاندىن كېيىن، سالقىن جايدا شامالدىتىپ ئاندىن تېرىش كېرەك. ئادەتتە يازلىق پالەك تېرىش ۋاقتىدا ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا ئۈنۈش نىسبىتى تۆۋەنرەك بولىدۇ. شۇڭا تېرىش مىقدارىنى ئاشۇرۇش يەنى ھەر مو يەرگە 5 ـ 7 كىلوگىرام ئەتراپىدا ئۇرۇق تېرىش كېرەك.

**4. يەرگە ئىشلەش:** پالەك ئۇرۇقنى تېرىشتىن ئاۋۋال يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، ھەر مو يەگە 3000 ـ 4000 كىلوگىرام ئەتراپىدا تولۇق چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇت، 10 ـ 20 كىلوگىرام ئەتراپىدا ئورىيا (尿素) ۋە 6 ـ 10 كىلوگىرام بىرىكمە ئوغۇت (复合肥) بەرسە بولىدۇ.

**5. تېرىش ئۇسۇلى:** تېرىشتا يەرنى تۈز، تەكشى، داڭگال بولمىغان ھالەتكە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ياغاچ بىلەن (شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بولسا بۆلۈۋېرىدۇ) سىزىپ، چوڭقۇرلۇقىنى 1.5 ـ 2 سانتىمېتىر ئەتراپىدا (ئىككى سانتىمېتىردىن چوڭقۇر بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم)، قۇر ئارىلىقىنى 10 ـ 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا قىلىپ ئېرىقچە ئېلىپ، ئاندىن ئۇرۇقنى ئېرىق ئىچىگە تەكشى تېرىپ، تاختاي بىلەن تەكشى سىرىپ، ئۇرۇقنى كۆمۈپ قاندۇرۇپ سۇغىرىش كېرەك ئۇرۇق كۆمۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، دەسسەشكە قەتئىي بولمايدۇ)، ئۇرۇق تىرىلىپ سۇغىرىشتىن كېيىن، نورمال شارائىتتا

(ئاخىرى 16 ـ بەتتە)

# يوپۇرماق ئوغۇتىنى ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

گۈلنىسا سېتىۋالدى
(كورلا شەھىرى قارايۇلغۇن يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 841000)

1. ئوخشاش بولمىغان ئوغۇتلارنىڭ ئىشلىتىش قويۇقلۇقى ئوخشاش بولمايدۇ. «ئوغۇت قانچە قويۇق بولسا، شۇنچە ياخشى» دېيىشكە بولمايدۇ. ئادەتتە ئوزۇقلۇق خاراكتېرىدىكى يوپۇرماق ئوغۇتىنىڭ قويۇقلۇقى مۇۋاپىق بولغاندا، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئەكسىچە قويۇقلۇقى بەك يۇقىرى بولۇپ كەتسە مايسىنى قۇرۇتۇۋېتىدۇ، شۇڭا مەھسۇلاتنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىگە ئەستايىدىل قاراپ، ئوغۇت قويۇقلۇقىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ ئىشلىتىش لازىم.

2. ھەر خىل زىرائەتلەرنىڭ يوپۇرماق ئوغۇتىغا بولغان ئىنكاسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئادەتتە قوش پەللىلىك زىرائەتلەردىن كېۋەز، قىزىلچا، بەرەڭگى، قىچا قاتارلىقلارنىڭ يوپۇرماق كۆلىمى چوڭ بولۇپ، ئوغۇت ئېرىتمىسى ئاسان سىڭىدۇ، شۇڭا بۇ خىل زىرائەتلەرگە يوپۇرماق ئوغۇتى بەرسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. تاق پەللىلىك زىرائەتلەردىن بۇغداي، قوناق، شال قاتارلىقلارنىڭ يوپۇرماق كۆلىمى كىچىك بولۇپ، ئوغۇت ئېرىتمىسى ئاسان سىڭمەيدۇ، شۇڭا بۇ خىل زىرائەتلەرگە يوپۇرماق ئوغۇتى بەرسە، ئۈنۈمى ئانچە ياخشى بولمايدۇ.

3. يوپۇرماق ئوغۇتىنىڭ سۇدا ئېرىشچانلىقىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى پۈركۈش ئۈنۈمىگە تەسىرى چوڭ بولىدۇ. ئادەتتە يوپۇرماق ئوغۇتى قاتتىق ۋە سۇيۇق ھالەتتە بولىدۇ، پاراشوك ھالەتتىكى يوپۇرماق ئوغۇتىنىڭ ئېرىشى ئاستا بولۇپ، پۈركۈگۈچكە قويۇپ سۇ قويغاندىن كېيىن ئارىلاشتۇرۇپ تولۇق ئېرىگەندە ئاندىن پۈركۈش لازىم، بولمىسا ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ. سۇيۇق ھالەتتىكى ئوغۇتلارنى سۇيۇلدۇرۇشتىمۇ مەھسۇلاتنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىدىكى تەلەپلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىش لازىم.

# ئورىيا ئوغۇتىنى ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

مەريەم توختى
(ئونسۇ ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىدىن 843100)

ئورىيا (尿素) تەركىبىدە 44% ـ 46% ساپ ئازوت بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى قاتتىق ھالەتتىكى ئازوتلۇق ئوغۇتلار ئىچىدە تەركىبىدىكى ئازوت مىقدارى ئەڭ يۇقىرى بولغان، رايونىمىزدا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىۋاتقان، فىزىكىلىق. خىمىيەلىك خۇسۇسىيىتى بىرقەدەر مۇقىم، ساپ مەھسۇلاتى ئاق ياكى سەل سارغۇچ كىرىستال ياكى ئۇششاق دانىچە ئوغۇت ھېسابلىنىدۇ ئۇنىڭ تەركىبىدە نەملىكتىن مۇداپىئەلەنگۈچى ماددىلار بولۇپ، نەملىك سۈمۈرۈشچانلىقى ئاجىز، سۇدا ئاسان ئېرىيدىغان نېترال خۇسۇسىيەتلىك ئازوتلوق ئوغۇتقا تەۋە. ئورىيا تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇقلارنىڭ مىقدارى بىر - قەدەر كۆپ بولۇپ، ھەر خىل تۇپراقلارغا، كۆپ خىل زىرائەتلەرگە ئىشلىتىشكە ماس بولىدۇ. يىلتىز سىرتىدىن قوشۇمچە ئوغۇت قىلىپ ئىشلەتكەندە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

ئورىيا تۇپراققا بېرىلگەندىن كېيىن پەقەت ئاممونىي ھىدرو كاربوناتقا ئۆزگەرگەندىلا ئاندىن زىرائەت سۈمۈرۈپ پايدىلىنالايدۇ. ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىگە مەلۇم بىر جەريان كەتكەچكە ئوغۇت ئۈنۈمى ئاستىراق بولىدۇ. شۇڭا

4. يوپۇرماق ئوغۇتىنى پۈركۈگەندە ھاۋا رايى، تېمپېراتۇرا ۋە نەملىككە دىققەت قىلىش لازىم. ئادەتتە ھاۋا ئوچۇق، يامغۇر ياغمىغان شارائىتتا، شىنجاڭ ۋاقتى ئەتىگەن سائەت توققۇزدىن بۇرۇن ياكى چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتىن كېيىن پۈركۈسە ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

5. يوپۇرماق ئوغۇتىنى ئىشلىتىش بىلەن ئاساسىي ئوغۇت ئىشلىتىشنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق پەيت ۋە مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلەتكەندىلا زىرائەتلەرنىڭ ئوزۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، كىرىمنى كۆپەيتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. (05)

ئۇنى 4 ـ 6 كۈن بۇرۇن ئىشلىتىش، شۇنداقلا چوڭقۇر كۆمۈپ ئوغۇتلاش ھەمدە ئازوتنىڭ تۇپراقنىڭ چوڭقۇر كۆمۈپ قەۋىتىگە سىڭىپ ئېقىپ يو-قىلىش سەۋەبىدىن، ئوغۇت ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دەرھال سۇغارماسلىق لازىم.

ئورىيانى يىلتىز سىرتىدىن قوشۇمچە ئوغۇت قىلىپ بەرگەندە، بولۇپمۇ يوپۇرماققا پۈركۈگەندە ئورىيا تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇق تەركىبلەرنىڭ زىرا-ئەت تەرىپىدىن سۈمۈرۈلۈشى تېز، پايدىلىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى، مەھسۇلات ئاشۇرۇش رولى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. ئورىيانى يوپۇرماققا پۈركۈگەندە پۈر-كۈش قويۇقلۇقى ئادەتتە كېۋەزگە 0.5% ـ 1%، باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى زىرائەتلەرگە 0.5% ـ 2%، لاپاسقا تېرىلغان كۆكتاتلارغا 0.2% ـ 0.3% ئەتراپىدا بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ئۆسۈشى باراقسان زىرائەتلەرگە ياكى كۆپ يىللىق مېۋىلىك دەرەخلەرگە نىسبەتەن ئورىيانىڭ پۈركۈش قويۇقلۇقىنى مۇۋاپىق يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

ئورىيا ئوغۇتىنى ئىشلەتكەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش لازىم: ① ئادەتتە ئورىيا ئوغۇتىنى بىۋاسىتە ئۇرۇق ئوغۇتى قىلىپ ئىشلى-تىشكە بولمايدۇ. ئورىيا تەركىبىدە ئاز مىقداردا بىئورت (2% تىن تۆۋەن) بولىدۇ. بىئورت ئۇرۇقنىڭ بىخلىنىش ۋە ئۆسۈشىگە زىيانلىق، ئەگەر ئۇ-رۇق ئوغۇتى قىلىپ ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، ئۇرۇق بىلەن ئوغۇتنى ئاي-رىپ، يەرگە ئايرىم ـ ئايرىم بېرىش كېرەك، ئورىيانى ئۇرۇق چىلاشقا ئۇ-رۇققا ئارىلاشتۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ؛ ② ئورىيا ئاممونىي ھىدرو كاربو-ناتقا ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ھاكلىق تۇپراقلاردا ئاسان پارچىلىنىپ پارغا ئايلىنىپ ئازوتنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇڭا چوڭ-قۇر ئوغۇتلاپ قېلىن كۆمۈش كېرەك. (05)

# كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشىدا ئورگانىك ئوغۇتنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ئۇسۇلى

ئايشەمگۈل سېيىتۋالدى
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 845350)

ئورگانىك ئوغۇت تەركىبىدە ئۆسۈملۈكلەرگە كېرەكلىك كۆپ مىقدارلىق ئېلېمېنتلار ۋە مىكرو ئېلېمېنتلار بولۇپلا قالماي، يەنە ئورگانىك ئوزۇقلۇق ماددىلار كۆپ بولۇپ، زىرائەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىغا ئىگە، ئۈنۈمى ئۇزۇن بولۇپ، تۇپراقتىكى ئورگانىك ماددىلارنى كۆپەيتىدىغان ۋە يېڭىلايدىغان، مىكرو ئورگانىزملارنىڭ كۆپىيىشىنى تېزلەتىدىغان، تۇپراقنىڭ فىزىكىلىق، خىمىيەلىك خۇسۇسىيىتى ۋە بىيو ئاكتىپچانلىقىنى ياخشىلايدىغان، يېشىل يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشتىكى مۇھىم ئوزۇقلۇق ماددا ھېسابلىنىدۇ.

كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشتا ئورگانىك ئوغۇت ئىشلەتكەندە، زىرائەت يىلتىز سىستېمىسىنىڭ ئوزۇقلۇق ماددىلارغا بولغان ئېھتىياجىنى ئۇزۇكسىز قاندۇرۇپ، تۇپراقتىن تارقىلىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىك ۋە تەكرار تېرىش توسالغۇسى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك مەسىلىلەرنى ئازايتىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشتا ئورگانىك ئوغۇت ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

**ساقلانغان مەسىلىلەر:** (1) ئوغۇتنى ئىشلىتىش مىقدارى كۆپ بولغانلىقتىن، ئوزۇقلۇق ماددا سىڭىنمىسى، بولۇپمۇ ئازوت، فوسفور نورمىدىن ئېشىپ كېتىپ، قىسمەن ئورۇنلاردا مۇھىت مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. مەسىلەن، گەندە تۆرىدىكى، يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ئېشىپ قالغان داشقال تۆرىدىكى ئورگانىك ئوغۇتلار تەركىبىدە تۇز مىقدارى بىر قەدەر يۇقىرى بولغانلىقتىن، ئورگانىك ئوغۇتنى نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئىشلەتكەندە، تۇپراقتىكى تۇز تەركىبىنىڭ ئېشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. (2) ئورگانىك ئوغۇت توخۇ مايىقى، كالا، قوي قاتارلىق چارۋا مال قىغى، ئۆي قۇشلىرىنىڭ مايىقى، گەندە ـ سۈيدۈكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. توخۇ مايىقىنى مىسالغا ئالساق، تەركىبىدە ئازوت، فوسفور قاتارلىق

ئوزۇقلۇق ماددىلار بىرقەدەر كۆپ، ئەمما كاربون، ئازوت نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن، بۇلارنىڭ تۇپراق قۇرۇلمىسى تەڭشەش ئىقتىدارى يېتەرسىز. (3) ئوغۇتلاشتا بىخەتەرلىك ئامىللىرى ساقلانغان. مەسىلەن، ئەخلەت تۇرىدىكى ئورگانىك ئوغۇت تەركىبىدە ھەمىشە ئېغىر مېتاللار ۋە رادىيوئاكتىپلىق ماددا قاتارلىق بۇلغىغۇچى ماددىلار بولۇپ، كۆكتات ئېتىزىغا ئىشلەتكەندە كۆكتات مەھسۇلاتىدا زىيانلىق تەركىبنىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، يېمەكلىك ۋە مۇھىت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالىدۇ.

**كۆكتات ئېتىزىغا ئورگانىك ئوغۇتنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش تەدبىرلىرى:** ① كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشتا ئورگانىك، ئانورگانىك ماددىلارنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش پىرىنسىپىنى قوللىنىپ، ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش مىقدارىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، قانچىكى كۆپ ئوغۇتلىسا شۇنچە ياخشى دەپ قارىماسلىق كېرەك. ئالدى بىلەن ئورگانىك ئوغۇت تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ مىقدارىنى ئىگىلەپ، زىرائەت قوبۇل قىلىدىغان ئازوت، فوسفور، كالىي مىقدارىنى تولۇق مۆلچەرلەپ، ئورگانىك ئوغۇت تەمىنلەيدىغان ئوزۇقلۇق مىقدار بىرلىكىنى چىقىرىپ تاشلاپ، يېتەرلىك بولمىغان قىسمىنى خىمىيەلىك ئوغۇت بىلەن تولۇقلاش كېرەك. ئورگانىك ـ ئانورگانىك ماددىلارنىڭ مۇۋاپىق تەڭشىلىش نىسبىتى: كۆكتات ۋە زىرائەتلىرىنىڭ يىللىق ئازوتقا ئېھتىياجىنى مىسال قىلساق، ئورگانىك ئوغۇتتىكى ئازوتنىڭ نىسبىتى 50% ـ 60% نى ئىگەللىسە بىرقەدەر مۇۋاپىق. ئەمەلىي تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئورگانىك ئازوت بىلەن ئانورگانىك ئازوتنى 1 :1~4 بويىچە، ئورگانىك ئوغۇت، خىمىيەلىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش مىقدارىنى بېكىتىش كېرەك. ② كۆكتات تېرىلىدىغان ئېتىزنىڭ تۇپراق سۈپىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئوخشاش بولمىغان ئورگانىك ئوغۇتلارنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. يېڭى كۆكتات ئېتىزىغا ھايۋانات قىغى، يېشىل ئوغۇت، كۈنجۈرە قاتارلىق ئوزۇقلۇق تەركىبى يۇقىـ

## خىمىيەۋى ئوغۇتلارنى دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشنىڭ پايدىسى

ماھىنۇر ھەمدۇللا
(ئۇنسۇ ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىدىن 843100)

خىمىيەۋى ئوغۇتلارنى دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەندە ھەم زىرائەتلەرنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلىگىلى ھەم كېسەل ـ لىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ زىيانداش ھاشاراتلارنى تىزگىنلەپ، ئوت ـ چۆپلەرنى يوقاتقىلى بولىدۇ.

1. دورا ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن 2,4–D ناترىي تۇزىغا 0.2 ـ 0.3 كىلوگىرام ئۇرىيا قوشقاندا دورىنىڭ سۈمۈرۈلۈشىنى تېزلىتىپ، ئوت ـ چۆپ يوقىتىش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك يۇقىرىتىلىدۇ.

2. ئوغۇت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: پىرومېـ ـتىردىن (扑草净) نى ئازوتلۇق ئوغۇتلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەندە ئازوتلۇق ئوغۇتنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

3. ۋاقىتنى تېجەپ ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. مەسىـ

---

ـرى، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇتلارنى ئىشلىتىش كېرەك؛ كونا كۆكتات ئېتىزلىرىغا شاخ ـ شۇمبا تەركىبلىك، دۆۋىلەپ ئېچىتىلغان، ئاستا ئۈنۈم بېرىدىغان ئورگانىك ئوغۇتلارنى ئىشلىتىش كېرەك. بەزى ئۇدا تېرىلغان، ئوزۇقلۇق ماددىلار كەمچىل كونا كۆكتات ئېتىزلىرىغا شاخ ـ شۇمبا بېيو رېئاكسىيەلىك ئېچىتىش تېخنىكىسى قوللىنىلغان ئورگانىك ئوغۇتلارنى تاللاپ ئىشلەتسە ئۈنۈمى ياخشى بو ـ لىدۇ. شۇنداقلا شاخ ـ شۇمبا ئارقىلىق تۇپراقنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇ ـ سىيىتىنى ياخشىلىغىلى، كاربون مەنبەسىنى تولۇقلىغىلى بولىدۇ؛ ③ ئورگانىك ئوغۇتنى ئىشلىتىش مەزگىلىدە، ئومۇمىي ئىشلىتىش پىرىنـ ـسىپى بولسا، ئورگانىك ئوغۇتنىڭ تەكشۈكلاشتۇرۇش ئالاھىدىلىكىگە قا ـ رىتا، ئۇنى ئاساسىي ئوغۇت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، خىمىيەۋى ئوغۇتنى قوشۇمچە ئوغۇت قىلىپ ئىشلىتىش كېرەك.(05)

لەن، شالنى تۈنجى قېتىم ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلىغاندا، ئۈنىڭغا ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىسى فۇساۋشىنىڭ (扑草星) ئارىلاشتۇ- رۇلسا ھەم ئوغۇت بىلەن تەمىنلىگىلى ھەم ئوت - چۆپ يوقاتقىلى بولىدۇ. گەرچە دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن خىمىيەۋى ئوغۇتنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشنىڭ نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرى بولسىمۇ، بىراق ھەممىلا ئوغۇت- نى دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن خىمىيەۋى ئوغۇتنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلە- تىشتە تۆۋەندىكى ئىككى پرىنسىپقا ئەمەل قىلىش لازىم: (1) ئوغۇت ئۈ- نۈمى ۋە دورا ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋەتمەسلىك لازىم. مەسىلەن، روگور (乐果) قاتارلىق دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشقارلىق ئوغۇتلار بىلەن ئا- رىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئىشقارلىق ئېرىتمە دېھقانچى- لىق دورىلىرىنى ئاسانلا ئېرىتىپ ئۈنۈمسىزلەندۈرۈپ قويىدۇ. ئاموننى ھالەتتىكى ئازوتلۇق ئوغۇتلار ياكى سۇدا ئېرىيدىغان فوسفورلۇق ئوغۇتلار- نى بوردو سۇيۇقلۇقى (波尔多液) قاتارلىق ئىشقارلىق دېھقانچىلىق دورى- لىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بولمىسا ئوغۇتنىڭ ئۈ- نۈملۈك تەركىبىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ؛ (2) ئارىلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن زىرائەتلەرگە زىيىنى بولماسلىق لازىم. ئادەتتە تاللاشچانلىقى يۇقىرى بول- غان ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىلىرىنى ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىلىرى، خىمىيەۋى ئوغۇتلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەندە، زىرائەتلەرگە زىيى- نى بولمايلا قالماستىن بەلكى ئوت - چۆپ يوقىتىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. تۆۋەندىكى ئوغۇتلارنى دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ① روگور (乐果)، مالاتىئون (马拉松)، تىرىزمان (代森锰锌) قاتارلىقلارنى ئورىيا (尿素)، ماگنىي سولفات (硫酸镁)، ئاموننىي سۇلفات (硫酸铵) قاتارلىقلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتسە بولىدۇ؛ ② ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىلىرىدىن خېدونال (二甲四氯)، تىرىفلۇرالىن (氟乐灵)، نوگدېشى (农得时)، بوتا خېلور (丁草胺) قاتارلىقلارنى ئورىيا ياكى بىرىكمە ئوغۇتلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتسە بولىدۇ؛ ③ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىنى تەڭشىگۈچى دورىلاردىن گىبېرلىن (青霉素)، كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾)، بورات كىسلاتاسى (硼酸) قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتسە بولىدۇ. (05)

# چىلاننىڭ چېچەكلەش مەزگىلىدىكى پەرۋىشى

ئاسىمگۈل غوپۇر
(قەشقەر ۋىلايەتلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىدىن 844000)

چىلان دەرىخىنىڭ چېچەكلەش مەزگىلى بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپ، كۆپ چېچەكلەيدىغان بولغاچقا، ئوزۇقلۇق ماددىلارغا كۆپرەك ئېھتىياج بولىدۇ. ئەگەر بۇ مەزگىلدە سۇ ۋە ئوزۇقلۇق يېتىشمىسە، مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا چىلاننىڭ چېچەكلەش مەزگىلىدىكى پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، چېچەك ۋە مېۋە تۆكۈلۈشنى ئازايتىپ، مېۋىلەش نىسبىتىنى ھەم مېۋە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنۇلارنى ياخشى ئىشلەش لازىم:

**1. قوشۇمچە ئوغۇتلاش:** (1) يىلتىزدىن ئوغۇتلاش: ئادەتتە 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنلىرى ئەتراپىدا ھەربىر تۈپ مېۋىگە كىرگەن دەرەخكە 0.4 ـ 0.5 كىلوگىرام كالىي سۇلفات (硫酸钾)، 0.3 ـ 0.5 كىلوگىرام ئىككى ئامونىيلىق فوسفات (磷酸二铵) بېرىش كېرەك. ياش كۆچەتلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ئاساسەن ھەربىر تۈپكە 0.05 ـ 0.3 كىلوگىرام كالىي سۇلفات، 0.08 ـ 0.3 كىلوگىرام ئىككى ئامونىيلىق فوسفات بېرىش لازىم. ئوغۇتلاپ بولغاندىن كېيىن ۋاقتىدا سۇغىرىپ، ئوتىنى ئوتاپ، تۇپراقنى چاغلاپ يۇمشىتىپ، تۇپراق نەملىكىنى ساقلاش كېرەك. چۈنكى چىلان چېچەكلەش مەزگىلىدە تۇپراق نەملىكىنى مۇۋاپىق ساقلىسا، مېۋىلەش نىسبىتىنى ئاشۇرۇپ، مېۋە ئېغىرلىقى ۋە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ؛ (2) يوپۇرماقتىن ئوغۇتلاش: چىلان كۆپ چېچەكلەش مەزگىلىدە ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئۇدا 3 ـ 5 قېتىم يوپۇرماققا ئوغۇت پۈركۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قېتىمدا 10 كىلوگىرام سۇغا 20 ـ 30 گىرام ئۇرىيا (尿素)، 10 ـ 30 گىرام كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾) ئېرىتمىسى قوشۇپ پۈركۈش كېرەك، ئۆسۈشنى تەڭشىگۈچى دورىلارنى چېچەكلەشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن كۆپ چېچەكلەش مەزگىلىگىچە پۈركۈسە بولىدۇ. ئادەتتە 10 ـ 15 گىرام بور ئوغۇتىغا 10 كىلوگىرام سۇ قوشۇپ پۈركۈسە، چېچەك ۋە مېۋە تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئەمما ئوغۇتنى ھاۋا ئوچۇق كۈنلەردە ئەتىگەن ياكى كەچقۇرۇن پۈركۈش، ئەڭ ياخشىسى كەچقۇرۇن پۈركۈش لازىم. پۈركۈش مىقدارى يوپۇرماق يۈزى نەمدەلگىچە بولسا بولىدۇ، ئوغۇتنى پۈركۈپ بولغاندىن كېيىن يامغۇر ياغسا، ۋاقتىدا قايتا پۈركۈش كېرەك.

**2. سۇغىرىش:** چىلان چېچەكلەش مەزگىلىدە ھاۋا ناھايىتى قۇرغاق

بولغاچقا، چېچەك، مېۋە يىگىلەپ قۇرۇپ تۆكۈلۈپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ، شۇڭلاشقا بۇ ۋاقىتتا چىلان دەرىخىنى بىر قېتىم سۇغىرىش كېرەك.

**3. چېچەكلەش مەزگىلىدە چاڭلاشتۇرۇش:** چىلان چاڭلىنىشنىڭ ۋاقتىدا ھاۋانىڭ نىسپىي نەملىكى %60 ـ %70 بولسا، چاڭدانچىلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ، ياخشى چاڭلىنىدۇ. شۇڭا چىلان %45 ـ %65 چېچەكلىگەن مەزگىلدە چۈشتىن بۇرۇن سائەت 5 ـ 7 دە، چۈشتىن كېيىن سائەت 5 ـ 6 دە، ھەر 3 ـ 5 كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم سۇ پۈركۈش لازىم. ئۇنداق قىلماي، چىلان چېچەكلەش مەزگىلىدە ھەسەل ھەرىسى قويۇپ بەرسىمۇ، چاڭلىنىشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

**4. چېچەك ۋە مېۋە تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش:** چىلان چېچەكلىگەندىن كېيىن، «920» نى 1000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈش ياكى بىر گرام بور ئوغۇتى (硼肥) غا بىر كىلوگرام سۇ ئارىلاشتۇرۇپ پۈركۈش كېرەك. غورىسى پۈرچاقچىلىق بولغاندا، خوڭزاۋاڭ (红枣王) نى 800 ـ 1200 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈش لازىم. شۇنداق قىلغاندا چېچەك، مېۋە تۆكۈلۈشنى ئازايتىپ، مېۋىنىڭ تاۋارلىق قىممىتىنى يۇقىرىلاتقىلى بولىدۇ. (03)

---

(بېشى 7 ـ بەتتە)

10 ـ 12 كۈندىن كېيىن سۇغارسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

**6. پەرۋىشى:** ئادەتتە يازلىق پالەك پۈتۈن ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە كۈچلۈك كۈن نۇرى، يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا دۇچ كېلىدۇ. پالەكنىڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا چىدامىلىقى ئاجىز بولغاچقا، يورۇقلۇق توسۇش تورى يېپىش ۋە تۇپراق نەملىكىگە قاراپ، ھەر 5 ـ 7 كۈندە بىر قېتىم سۇغىرىش لازىم. سۇغارغاندا چوقۇم ئەتىگەن، كەچتە سۇغىرىش، كۈن نۇرى كۈچلۈك مەزگىلدە سۇغارماسلىق لازىم، مايسا ھەقىقىي يوپۇرماق چىقارغاندىن كېيىن، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يوپۇرماق ئوغۇتلىرىنى پۈركۈسە مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**7. يىغىۋېلىش:** پەلەك تولۇق يېتىلگەندىن كېيىن، ۋاقتىدا يىغىۋېلىش كېرەك، ئەگەر ۋاقتىدا يىغىۋالمىسا پالەك ئۇرۇق تۇتۇپ كېتىدۇ. پالەكنى يىغىۋېلىشتىن بەش كۈن بۇرۇن بىر قېتىم سۇغىرىپ ئاندىن يىغىۋېلىش، بازار ئەھۋالىغا قاراپ، ھەر 1 ـ 2 كىلوگرامنى بىر باغلام قىلىپ بازارغا سېلىش كېرەك. (03)

# چىلاننىڭ يازلىق پەرۋىشى

گۈلجەمىلە ئەمەت
(ئاۋات ناھىيە دولان يېزىلىق ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىدىن 843200)

چىلان دەرىخىنىڭ ئۆسۈش دەۋرلىكى ئۇزۇن، يورۇقلۇق، ئوزۇقلۇققا بولغان تەلىپى بىرقەدەر كۈچلۈك بولۇپ، ۋاقتىدا يازلىق پەرۋىش قىلمىسا نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يېتىدۇ. ئاساسلىق قوللىنىدىغان تەدبىرلەر تۆۋەندىكىچە:

**1. سۇغىرىش:** چىلان قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق، سۇغا ئىنتايىن سەزگۈر بولۇپ، ئاساسىي ئوغۇت، قوشۇمچە ئوغۇت بېرىشكە بىرلەشتۈرۈپ ۋاقتىدا سۇغىرىپ، تۇپراق نەملىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، بىر يىل ئىچىدە تۆت قېتىم سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**2. ئوغۇتلاش:** ئاساسىي ئوغۇتنى كۈزدە يوپۇرماق تاشلىغاندىن تارتىپ يەر توڭلىغىچە، يەنى قىشلىق سۇغىرىشتىن بۇرۇن بېرىش لازىم. ئوغۇتلاش مىقدارىنى دەرەخ يېشى ۋە تۇپراق ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەپ، تولۇق چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش كېرەك. قوشۇمچە ئوغۇتلىغاندا مېۋىنىڭ چوڭىيىشىنى ۋە رەڭلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، مېۋە تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، مېۋە تەركىبىدىكى قەنت مىقدارىنى ھەمدە مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. چىلان دەرىخى يوپۇرماق چىقارغاندىن باشلاپ ھەر 10 ـ 15 كۈندە بىر قېتىم يوپۇرماققا ئوغۇت پۈركۈلىدۇ.

**3. شاخ كېرىش:** ئاساسىي شاخلارنى تارتىپ باغلاش ئارقىلىق، بۇلۇڭ گىرادۇسىنى چوڭايتىپ، ئۆسۈش يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆسۈش ئىقتىدارىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، دەرەخ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش لازىم.

**4. ئۇچىنى ئۈزۈش:** ئۆسۈش مەزگىلىدە شۇ يىللىق ئۆسكۈچى شاخنىڭ بىرلەمچى ۋە ئىككىلەمچى شېخىنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈش ئارقىلىق، ئۆ-

سۇشنى تىزگىنلەپ، ئوزۇقلۇقنى تەڭشەپ، چېچەكلەپ مېۋىلەشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

**5. قوۋزاقنى ھالقىسىمان سويۇش:** بۇ ئۇسۇشى كۈچلۈك بولغان ئۈچ يىللىقتىن يۇقىرى دەرەخلەرگە قوللىنىلىدۇ. دەسلەپكى چېچەكلەش مەز-گىلىدىن كۆپ چېچەكلەش مەزگىلىگىچە مەركىزىي غول ۋە ئاساسىي شاخلارنىڭ قوۋزىقىنى پىچاق بىلەن ياغاچلىق قىسمىغىچە ھالقىسىمان سو-يۇش ئارقىلىق، دەرەخ تېنىنىڭ ئۇستۈنكى قىسمىنىڭ ئوزۇقلۇق مىقدارد-نى كۆپەيتىپ، گۈل بىخىنىڭ بۆلۈنۈشىنى تېزلىتىپ، مېۋىلەش نىسبىتد-نى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

**6. بىخ يىمىرىش:** 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ زىيادە بىخلارنى يىمىرد-ۋەتسە، ئوزۇقلۇقنى تېجەپ شاخنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

**7. چاڭلاشتۇرۇش:** چېچەك مەزگىلىدە ھەسەل ھەرىسى قويۇش ئارقىد-لىق، مېۋىلەش نىسبىتىنى ئىككى ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. ھەر مو يەرگە 2 - 3 يېشىك ھەسەل ھەرىسى قويۇپ بېرىش، ھەرە قويۇپ بەرگەندە دېھقانچىلىق دورىسى چاچماسلىق كېرەك.

**8. دورا چېچىش:** 7 - ئاينىڭ ئاخىرى، يوپۇرماق ئوغۇتى پۈركۈشكە بىر-لەشتۈرۈپ، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سترېپتومىتسىن (农用链霉素) قاتارلىقلارنى 2 - 3 قېتىم چېچىپ، قارا داغ كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئې-لىش، 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن كېيىن دورا چاچماسلىق لازىم.

**9. چېچەكلەش مەزگىلىدە سۇ پۈركۈش:** تولۇق چېچەك مەزگىلىدە يەنى 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا سۇ ياكى ئوغۇتنى ھەر 3 - 5 كۈندە بىر قېتىم ئۇدا 3 - 4 قېتىم پۈركۈسە، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدىكى سۇ ۋە ئوغۇتد-قا بولغان ئېھتىياجنى قاندۇرۇپ، چاڭلىنىشنى تېزلىتىپ، سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلات ئالغىلى بولىدۇ. (03)

# دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا بىخەتەر ئىشلىتىش ئۇسۇلى

مۇنەۋۋەر مەتروزى
(چىرا ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 84300)

1. دېھقانچىلىق دورىسىنى ئىشلەتكەن زىرائەتلەرنىڭ نورمال ئۆسۈشىگە ۋە مەھسۇلاتىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىككە دىققەت قىلىش لازىم.

2. ئىشلىتىلگەن دېھقانچىلىق دورىسىنىڭ مۇھىتنى بۇلغىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

3. دېھقانچىلىق دورىسى سېتىۋالغاندا ماركىسىغا دىققەت قىلىش لازىم. دېھقانچىلىق دورىسى سېتىۋالغان ۋە ئىشلەتكەن ۋاقىتتا دېھقانچىلىق دورا بوتۇلكىسى (خالتىسى) ئۈستىدىكى ئىشلەپچىقارغان ۋاقتى، ئۈنۈملۈك مۇددىتى، تىزىملاش گۇۋاھنامە نومۇرى، ئىشلەپچىقىرىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامە نومۇرى، مەھسۇلات ئۆلچەم نومۇرى قاتارلىقلارنىڭ تولۇق ياكى تولۇق ئەمەسلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

4. دېھقانچىلىق دورىلىرىنى تەڭشىگەندە مەخسۇس قاچا ئىشلىتىش، مەخسۇس قاچىدا تەڭشەش ۋە ئارىلاشتۇرۇش كېرەك.

5. دېھقانچىلىق دورىلىرى ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئوبيېكتىگە ئاساسەن تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. دېھقانچىلىق دورىسى بىلەن دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىكى كېسەللىك، ھاشارات، ياۋا ئوت - چۆپ، چاشقان زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئالغاندا، دېھقانچىلىق تېخنىكا خادىملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە كېسەللىك، ھاشارات، ياۋا ئوت - چۆپ، چاشقان زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان دېھقانچىلىق دورىلىرىنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك.

6. ئەڭ مۇۋاپىق دورا ئىشلىتىش ۋاقتى، ئۇسۇلى، مىقدارىنى توغرا ئىگىلەش كېرەك. ئىشلىتىش مىقدارىنى خالىغانچە ئازايتىش ياكى كۆپەيتىشكە، ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ.

7. دېھقانچىلىق دورىلىرى قاچىلانغان قۇرۇق بوتۇلكا، قۇرۇق خالتىلارنى سۇ مەنبەسىدىن يىراق ئورۇنغا ئاپىرىپ چوڭقۇر كۆمۈۋېتىش كېرەك. (03)

# قىزىلچا يىلتىز چىرىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

مەختۇمخان بارات
(خوتۇنسۇمۇل ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 841300)

**1. پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى:** كېسەللىك مىكروبى تۇپراقتا يىغىلىپ، تۇپراقتا ياكى كېسەللىك قالدۇقلىرىدا قىشتىن ئۆتىدۇ. ئەتىيازدا قىزىلچا ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن، قىزىلچا يىلتىزىنىڭ پوست قەۋىتىگە يۇقۇملىنىپ، ھەر خىل كېسەللىك ئالامەتلىرىنى پەيدا قىلىدۇ، زەيكەش، ئويمان يەرلەردە، ھاۋا ئۆتۈشچانلىقى ناچار، تۇپراق نەملىكى يۇقىرى، سۇ چىقىرىۋېتىش قولايسىز، تۇپراقتىكى فوسفور مىقدارى تۆۋەن بولغان يەرلەردە ئېغىر پەيدا بولىدۇ.

**2. كېسەللىك ئالامىتى:** قىزىلچا يىلتىز چىرىش كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغاندىن كېيىن تۈپى پاكارلىشىدۇ، يوپۇرمىقى ساغىرىدۇ ياكى ساغۇچ قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ، يوپۇرماقلار نېپىزلەپ، قورۇلۇپ، سولىشىدۇ. دەسلەپتە ئېتىزدا ئاندا - ساندا پەيدا بولۇپ، كېيىنچە دائىرە بويىچە ياكى پۈتۈن ئېتىزغا كېڭىيىدۇ. ئېتىزدا قارامتۇل قوڭۇر رەڭلىك پۈرلەشكەن يوپوپۇرماقلار كۆپەيگەندە يىلتىز چىرىش كېسىلى ئېغىرلاشقان بولىدۇ. بەزى يوپۇرماقلاردا روشەن كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمەيدۇ، بىراق كۈندۈزى ھاۋا تازا ئىسسىغاندا يوپۇرماقلارغا يېپىلىپ سولىشىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** (1) كېسەلگە چىداملىق سورتلارنى تاللاپ تېرىش؛ (2) تېرىلغۇ تۇپراق قاتلىمى قېلىن، ھاۋا ئۆتۈشچانلىقى ياخشى، يەر تۈزۈلۈشى تەكشى، يەر ئاستى سۇ ئورنى تۆۋەن، يىغىلىپ قالغان سۇلارنى چىقىرىۋېتىشكە قولايلىق بولغان يەرلەرگە تېرىش؛ (3) مۇۋاپىق ۋاقىتتا تېرىش، تېرىش ۋاقتىدا كالتسىي سۇپېر فوسفات (过磷酸钙) نى كۆپرەك بېرىپ، مايسىنىڭ تىمەن ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كېسەلگە قارشى تۇرۇشچانلىقىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ (4) ئۇرۇقنى 70% لىك دىكسون (敌克松) پاراشوك دورىسى بىلەن ئۇرۇق ئېغىرلىقىنىڭ 0.8% ى بويىچە دورىلاپ تېرىش ئارقىلىق، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ (5) مايسا ئۈنۈپ چىققان ھامان كولتىۋاسىيە قىلىپ

# يارنىڭ تەرخەمەكنىڭ بويىغا زورلاپ ئۆسۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى

ئەكرەم ئىلەكپەر
(غۇلجا شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 835000)

تەرخەمەكنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، يارنىڭ تېرىقچىلىقىدا ئاساسلىق ئۆستۈرۈلىدىغان كۆكتاتلارنىڭ بىرى. رايونىمىزدا يارنىڭ كۆكتاتلىرى ئومۇمىي تېرىلىش كۆلىمىنىڭ 30% ـ 40% نى ئىگىلەيدۇ. بىراق تەرخەمەك ئىشلەپچىقىرىش جەريانى مۇرەككەپ بولۇپ، ھەر بىر پەرۋىش ھالقىلىرىغا دىققەت قىلمىغاندا بىر قاتار قىيىن مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ. جۈملىدىن يارنىكتا تەرخەمەك ئۆستۈرۈش جەريانىدا پىلەكنىڭ بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىشى دائىم كۆرۈلىدىغان ئەھۋال بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلگەندە تەرخەمەك يىلتىز سىستېمىسى نورمال تەرەققىي قىلالمايدۇ، چېچەكلەپ مېۋە تۇتۇشى ناچارلىشىدۇ. كېسەلگە چىدامىلىقى ئاجىزلاپ، ئاسان كېسەللىنىدۇ. ئۆسۈملۈك تۇپى ئاجىزلاپ، مەھسۇلات مىقدارىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى تۆۋەندىكىچە:

**1. ۋاقتىدا سۇغىرىش:** سۇغىرىشتا تەرخەمەك ئۆسۈشىنىڭ دەسلەپكى ۋە كېيىنكى مەزگىلىدە سۇغىرىشنى كونترول قىلىش، ئۆسۈشىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە كۆپرەك سۇغىرىش لازىم. قىسقىسى، تەرخەمەك مېۋىلەشتىن بۇرۇن كولتىۋاتسىيە قىلىشنى كۈچەيتىپ، نەملىكنى ساقلاش ئاسا-

---

تۇپراقنى يۇمشىتىپ، تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مايسىنىڭ تىمەن ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ (6) كېسەللىك پەيدا بولۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مېتىل تويسىن (甲基托布津)، باۋستىن (多菌灵) قاتارلىق دورىلارنى 1000 ھەسسە ياكى زىنىپ (代森锌) دورىسىنى 400 ـ 500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش ئارقىلىق، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش يوقىتىش كېرەك. (02)

سىدا تېمپېراتۇرىنى يۇقىرىلىتىپ، تۇپراق نەملىكىنى ساقلاش، مېۋىلەش مەزگىلىدە ھەر 7 ~ 10 كۈندە بىر قېتىم سۇغىرىش، بولۇپمۇ ھەر قېتىم مېۋىنى ئۈزۈشتىن ئاۋۋال سۇغىرىپ ئاندىن مېۋە ئۈزۈش لازىم. پىلەكنىڭ بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تۇپنىڭ ئۈچىدىكى مېۋە ئۈزۈلگەندىن كېيىن سۇنى كونترول قىلىپ، يىلتىز سىستېمىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاندىن جازىغا باغلانغان تەرخەمەك پىلىكىنى ئازراق تۆۋەنگە سىرىلدۇرۇپ، غول ئاساسىنى ئولتۇرغۇزۇپ ياشارتىپ، قايتا مېۋىلەش باسقۇچىغا كىرگەندە ئۆز ۋاقتىدا يېتەرلىك سۇغىرىش لازىم.

**2. قوشۇمچە ئوغۇتلاش:** تۇپراقتا ئازوت مىقدارى كۆپ بولسا ئۆسۈملۈك ئاسان بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىدۇ. شۇڭا قوشۇمچە ئوغۇتلاشتا ئازوتلۇق ئوغۇتنىڭ يېتەرلىك بولۇش شەرتى ئاستىدا، فوسفور، كالىيلىق ئوغۇتلارنى مۇۋاپىق كۆپەيتىپ بېرىش، ئوغۇتلاشتا ئوغۇتنى سۇيۇلدۇرۇپ سۇدا ئېقىتىپ بېرىش لازىم. ئادەتتە مېۋە يىغىناشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ھەر مو يەرگە 10 ~ 15 كىلوگىرام ئورىيا، 10 كىلوگىرام كالتسىي سولفات، 15 كىلوگىرام ئاممۇنىي فوسفات بېرىش، ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ ئاساستا ھەر ئىككى نۆۋەت مېۋە يىغقاندا بىر قېتىم قوشۇمچە ئوغۇتلاش، ئۆسۈشنىڭ ئوتتۇرا، كېيىنكى مەزگىللىرىدە تولۇق چىرىگەن ئېغىل قىغى بىلەن 2~3 قېتىم ئوغۇتلاش لازىم.

**3. تېمپېراتۇرىنى كونترول قىلىش:** پارنىكتا تەرخەمەكنىڭ ئۆسۈشىگە 25℃ ~ 30℃ لۇق تېمپېراتۇرا مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئەگەر تېمپېراتۇرا 30℃ دىن ئېشىپ كەتسە ئاسانلا بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىدۇ. شۇڭا پارنىك تېمپېراتۇرىسىنى كۈندۈزى 25℃ ~ 30℃ تا، كېچىسى 18℃ ئەتراپىدا كونترول قىلىش كېرەك.

**4. نەملىكنى كونترول قىلىش:** تەرخەمەكنىڭ ئۆسۈشىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان نىسپىي نەملىك 60%~80% بولۇپ، ئەگەر پارنىك نەملىكى

85% دىن ئېشىپ كەتسە، دەرھال ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئېغىزىنى ئېچىپ نەملىكنى تۆۋەنلىتىپ، بويىغا زورلاپ ئۆسۈش ۋە يۇقىرى نەملىك سەۋەبىدىن بىر قىسىم كېسەللىك مىكروبى پەيدا بولۇپ زىيان سېلىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

**5. پىلەك باغلاش:** پىلەك ئۆسۈپ 30 سانتىمېتىر ئۆسكەندە پىلەكنى يىپ بىلەن يەردىن ئىككى مېتىر ئېگىزلىككە تارتىلغان تۆمۈر سىمغا ئېسىپ باغلاش لازىم. مايسا دەسلەپتە تىك يۆنىلىشتە باغلىنىدۇ. ئاندىن پىلەك باراقسان ئۆسۈشكە باشلىغاندىن كېيىن، پىلەك S شەكىلدە ئېگىپ باغلىنىدۇ. ئادەتتە ئېگىپ باغلاش يانتۇلۇق دەرىجىسى پىلەكنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا قارىتا بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر پىلەك باراقسان ئۆسۈپ مېۋىسى ئاز بولسا، پىلەكنى ئوڭ ـ سول تەرەپكە ئېگىپ باغلاش ئارقىلىق يانتۇلۇق دەرىجىسى ئاشۇرسا، پىلەكنىڭ بويىغا زورلاپ ئۆسۈشىنى كونترول قىلغىلى بولىدۇ.

**6. ھورمون ئارقىلىق مېۋە تۇراقلاشتۇرۇش:** تەرخەمەكنىڭ تۇنجى مېۋىسى ئاز بولسا پىلەك ئاسانلا بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىدۇ. پارنىكتا ئۆستۈرۈلۈۋاتقان تەرخەمەكتە چېچەك كۆپ بولسىمۇ، بىراق چاڭلىشىپ مېۋە تۇتۇش نىسبىتى تۆۋەن بولۇش ئەھۋالى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا تەرخەمەك چېچەكلەش مەزگىلىدە مېۋە تۇراقلاشتۇرۇش دورىسىنى (座果灵) نى 100 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچەككە سۈرۈش ياكى چېچەككە پۈركۈپ، مېۋە تۇتۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پىلەكنىڭ بويىغا زورلاپ ئۆسۈشىنى كونترول قىلىش كېرەك.

**7. پىلەك ئەھۋالىغا قاراپ ھوسۇل يىغىش:** تۇنجى مېۋىسىنى ئۈزۈش ۋاقتى پىلەكنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تۇنجى مېۋە قانچە بالدۇر ئۈزۈلسە، پىلەك شۇنچە بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىدۇ. شۇڭا بويىغا زورلاپ ئۆسكەن پىلەكلەردىكى تۇنجى مېۋىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە كېچىكىپ ئۈزۈش لازىم. (02)

# ئۈزۈم ئاق توزان كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

باسىت تالىپ
(قۇمۇل شەھىرى غەربىي تاغ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 839000)
ئايگۈل گالى
(قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 839000)

ئاق توزان كېسىلى ئۈزۈمنىڭ مەھسۇلاتى، سۈپىتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ بىرى. ئۇ ئۈزۈمنىڭ يەر ئۈستى قىسمىدا پەيدا بولىدۇ، يوپۇرماقتا ئاق توزانسىمان ماددا ھاسىل قىلىپ، ماددا ئالماشتۇرۇش ۋە نەپەسلىنىش رولىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، يوپۇرماقلار قۇرۇپ تۆكۈلىدۇ. غول قىسمىدا پەيدا بولغاندا، تۇپراقتىن قوبۇل قىلىنغان ئوزۇقلۇقلارنىڭ شاخ، يوپۇرماقلار ۋە مېۋىلەرگە توشۇلۇشى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، ئۈزۈمنىڭ ئۆسۈشى ئاجىزلايدۇ. مېۋىدە دەسلەپ پەيدا بولغاندا مېۋە قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ، كېيىن ئاق توزانسىمان داغ پەيدا بولۇپ، مېۋىسى ئاسان يېرىلىپ، تاۋارلىق قىممىتى تۆۋەنلەيدۇ. بۇ خىل كېسەللىك زىچ تىكىلگەن، فوسفورلۇق ئوغۇت كۆپ بېرىلگەن، ھاۋا ۋە يورۇقلۇق شارائىتى ناچار ئەھۋالدا پەيدا بولۇپ، ھاۋا بۇلۇتلۇق، دىمىق ئىسسىق كۈنلەردە تېز يامرايدۇ.

1. باغ پەرۋىشىنى كۈچەيتىش كېرەك. باغدىكى كېسەللىك مەنبەسىنى پاكىز تازىلاش، قىشتىن ئۆتكەن كېسەللىك مەنبەسىنى يوقىتىپ، سۇغىرىش، ئوغۇتلاش، ھاۋا يورۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك. ئوغۇتلاشتا ئۈزۈم تۈۋىگە 25 ـ 30 سانتىمېتىر يىراقلىقتا، ئورەك كولاپ، ئورگانىك ئوغۇتلارنى يەنى كەپتەر مايىقى، چىرىگەن ئېغىل قىغى، قوي قىغى، ئېچىتىلغان كۈنجۈرە قاتارلىقلارنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، 15 ـ 20 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا كۆمۈپ بېرىش كېرەك.

2. بىخلىنىشتىن ئىلگىرى بائومې 3℃ ـ 5℃ لۇق ھاك ـ گۈڭگۈرت

# ئۈزۈم قىروۋسىمان پاختىلىشىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

ھەمىدىگۈل ئابدۇرېشىت
(ئاتۇش شەھەرلىك ئورمانچىلىق پونكىتىدىن 845350)

**كېسەللىك ئالامىتى:** كېسەللىك يوپۇرماقتا كۆرۈلسە يوپۇرماق يۈزىدە ماي دۇغسىمان كىچىك داغلار پەيدا بولىدۇ. كېيىنچە كېيىن ساغۇچ قوڭۇرغا ئۆزگىرىدۇ. بۇ كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى زەمبۇرۇغ خالتىلىق ئىسپورىسىدۇر. نوتا، يوپۇرماق ساپىقى كېسەللەنسە ماي دۇغسىمان داغ نا- ھايىتى تېز ساغۇچ قوڭۇرغا ئۆزگىرىپ ئولتۇرۇشۇپ كېتىدۇ. ھۆل - يې- غىن كۆپ بولغاندا كېسەللەنگەن نوتا ئۆسۈشتىن توختايدۇ، قورۇلۇپ قۇ- رۇيدۇ. غورىدا كېسەللىكنىڭ كۆرۈلسە ئەڭ دەسلەپتە مېۋە پوستى كۈلرەڭ يېشىلغا ئۆزگىرىپ، ئۈستىدە ئاق پاختىلاشقان قەۋەت ھاسىل بولىدۇ.

**پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى:** كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى زەمبۇرۇغ كې- سەللەنگەن يوپۇرماق، كېسەللىك قالدۇقلىرىدا قىشلايدۇ. ئۈچ ئاي تىنچلى- نىش دەۋرىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ھۆل - يېغىن مىقدارى 10 مىللى- مېتىر، تۇپراق تېمپېراتۇرىسى 15℃ بولغاندا بىخلىنىپ ئىسپورا خال- تىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئىسپورا خالتىسىدىن 6 ـ 8 گىچە ئۆزگۈچى ئىسپورا ھاسىل بولۇپ يامغۇر سۈيى ئارقىلىق تارقىلىدۇ. ھاۋا تۆشۈكچىسى، سۇ تۆشۈكچىسى ئارقىلىق يۇقىدۇ. كېيىن يەنە ئىسپورا خالتىسىنى ھاسىل قىلىپ داۋاملىق يۇقىدۇ.

---

بىرىكمىسىنى چېچىش كېرەك. كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە 70% لىك توپسىن (托布津) نى 800 ـ 1000 ھەسسە سۇيۇل- دۇرۇپ، ھەر 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا 3 ـ 4 قېتىم پۈركۈش كې- رەك. ئۇندىن باشقا سوپۇن پاراشوكى ئېرىتمىسى ۋە تاماكىنى 24 سائەت سۇغا چىلاپ سۈيىنى سۈزۈپ چاچسىمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. (03)

**ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) باغ پەرۋىشىنى كۈچەيتىش: باغنىڭ ھاۋا ئۆتۈشۈش، يورۇقلۇق چۈشۈش شارائىتىنى ياخشىلاش، چاتاش مەزگىلىدە كېسەللەنگەن شاخ ـ يوپۇرماقلارنى يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك. باراڭ ئىچىنىڭ 1/5 ـ 1/6 قىسمىنىڭ يورۇقلۇق، ھاۋا ئۆتۈشۈشگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ (2) كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە 25% لىك رىدومىل (瑞毒霉) نىڭ 600 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى، 64% لىك ساندوفان (杀毒矾) نىڭ 700 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ھەر 10 ـ 15 كۈندە بىر قېتىم چېچىش، ئۇندىن باشقا 6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە 10% لىك شىگاۋ (世高) دورىسىنى 1000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش، كېسەللىك يۇز بېرىشتىن قوغداش خاراكتېرىدىكى دورىلارنى يەنى 70% لىك تىرىزمان (代森锰锌) نىڭ 700 ـ 800 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى چېچىش كېرەك. كېسەللىك يۇز بەرگەندىن كېيىن 40% لىك ئاليومىنلىق ئىفوزىت (乙磷铅) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 200 ـ 400 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى، 25% لىك رىدومىل (甲霜灵) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 600 ـ 700 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى، 78% لىك كىبو (科博) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 200 ـ 400 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى يۇقىرىقى دورىلار بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈپ چېچىش كېرەك. قوغدىغۇچى دورىلاردىن 50% لىك تۇزىت (退菌特)، 75% لىك داكونىل (百菌清) نىڭ 600 ـ 700 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى چېچىش كېرەك. ئۇندىن باشقا گورۇچ ئاچچىقسۇيى بىلەن تۇپراق ئارقىلىق تارقىلىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ۋە يوپۇرماق قىسمىدىكى ئاق توزان كېسىلى، قارا داغ كېسىلى، قىرووسىمان پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىشتا، 200 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقنى كېسەل پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى ياكى دەسلەپكى مەزگىلىدە يوپۇرماققا 2 ـ 3 قېتىم چاچسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. (03)

# پارنىك كۆكتاتلىرىدىكى تىرىپسنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى

رەيھانگۈل ئەرشى
(تۇرپان شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 838000)

1. قىرغا يالتىراق يوپۇق يېپىپ، تىرىپسنىڭ تۇپراققا كىرىپ قوچاققا ئايلىنىشىنى تىزگىنلەپ، ئۆسۈملۈكتە قايتا پەيدا بولۇشىنى ئازايتىش لازىم.

2. پارنىكنىڭ ھاۋا ئۆتۈشۈش ئېغىزلىرىغا چوقۇم ھاشارات توسۇش تورى ئورنىتىش لازىم.

3. ئاكتەي (阿克泰)، ئىمىداكلورد (吡虫啉) قاتارلىق دورىلارنى 1500 ـ 2000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، مايسا يىلتىزى ئەتراپىغا ھەربىر تۈپكە 50 مىللىلىتىردىن قويسا، مايسا مەزگىلدىكى ھاشارات زىيىنىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ، كونترول قىلىش ئۈنۈمى بىر ئاي ئەتراپىدا داۋاملىشىدۇ.

4. يېشىل تاختاي ئېسىش ئارقىلىق، تىرىپسنى جەلپ قىلىپ يوقىتىش كېرەك، يېشىل تاختاينى ئېسىش ئۇسۇلى سېرىق تاختاينى ئېسىش ئۇسۇلىغا ئوخشايدۇ.

5. دورا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا، مىكروب يوقىتىش دورىسى (杀菌素) نى 5000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم يوپۇرماقنىڭ ئالدى ـ كەينىگە تەكشى پۈركۈش كېرەك.

6. يالتىراق يوپۇقنى يېپىپ بولغاندىن كېيىن، ئىزوپروكارب (异丙威)، فاستاك (高效氯氰菊酯) قاتارلىق دورىلار بىلەن ھەر 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم ئىسلاش كېرەك.

7. دىققەت قىلىدىغان ئىشلار: دورا پۈركىگەندە يوپۇرماقنىڭ ئالدى كەينىگە تەكشى پۈركۈش كېرەك، دورا پۈركىگەن خادىملار بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىپ، دورا پۈركۈش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، دورا پۈركۈگەندە ماسكا تاقاش، پەلەي كىيىش، دورا چاچقاندىن كېيىن دەرھال يۇيۇنۇش لازىم. دورىلارنى ئىشلەتكەندە چوقۇم بىخەتەرلىك ئارىلىقىغا دىققەت قىلىش لازىم، كۆكتاتلارنى يىغىۋېلىشتىن 20 كۈن بۇرۇن يىلتىزدىن دورا بېرىشنى، 7 ـ 10 كۈن بۇرۇن دورا پۈركۈشنى توختىتىش لازىم. (03)

## كېۋەزنىڭ مايسا مەزگىلىدە كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىك زىياندا شلىقىغا ھۆكۈم قىلىش

روزىگۈل تۇردى
(ئۇنسۇ ناھىيە گۈلئاۋات يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 843100)

**1. تىك قۇرۇش كېسىلى:** كېۋەز مايىسسى زىيانغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، يەر يۈزىگە يېقىن غول ئاساسىي قىسمىدا سارغۇچ قوڭۇر رەڭلىك كېسەللىك دېغى پەيدا بولۇپ، كېيىن قارامتۇل قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ ھەمدە تەدرىجىي ئولتۇرۇشۇپ سېسىيدۇ، ئېغىر بولغاندا كېسەللەنگەن قىسمى ئىنچىكىرەپ، كېسەللەنگەن مايسا قۇرۇپ كېتىدۇ ياكى سولىشىپ يېتىپ كېتىدۇ. يوپۇرماق زىيانغا ئۇچرىسا قانۇنىيەتسىز سارغۇچ قوڭۇر رەڭلىك داغلار پەيدا بولۇپ، كېيىن كېسەللىك دېغى ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ تۆشۈكچىلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ.

**2. كۆيدۈرگە كېسىلى:** چىگىت بىخ سۈرگەندىن كېيىن يۇقۇملانسا، تۇپراقتىلا سېسىپ كېتىشى مۇمكىن. يوپۇرماقتىكى كېسەللىك دېغى ساغۇچ قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، ئۈستى قىسمىدا قىزىل رەڭلىك كېسەللىك باكتېرىيەسى بۆلگۈنچى ئىسپورا چاپلىشىشچان ماددىسى بولىدۇ. يۇمران غول ئاساسىي قىسمىدا كېسەللىك كۆرۈلسە قىزغۇچ قوڭۇر رەڭلىك موكا شەكىللىك سىزىقچە داغلار پەيدا بولۇپ، كېيىن قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ سەل ـ پەل ئولتۇرۇشىدۇ، كېسەللىك دېغى ئۈستىدە قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك يېپىشقاق ماددىلار پەيدا بولىدۇ.

**3. قىزىرىپ چىرىش كېسىلى:** بىختا كېسەللىك پەيدا بولسا قىزغۇچ جىگەر رەڭگە ئۆزگىرىپ، تۇپراق ئاستىدىلا سېسىپ كېتىدۇ. يىلتىز قىسمى كېسەللەنگەن بولسا، يىلتىز ئۇچى قوڭۇرغا ئۆزگىرىپ سېسىپ، كېيىن پۈتۈن يىلتىزغا ھەتتا بىخنىڭ يەر ئۈستى قىسمىغىچە كېڭىيىدۇ. كېسەللىك ئېغىر بولغاندا مايسا قۇرۇپ كېتىدۇ، كېسەللىك دېغى ئولتۇرۇشماسلىق، يەر ئاستىدىكى زىيانغا ئۇچرىغان يۇمران غول ۋە يىلتىزنىڭ تومۇلاپ كېتىشى بولسا بۇ خىل كېسەللىكنىڭ مۇھىم ئالامىتى. يوپۇرماق كېسەل-

لەنگەن بولسا، كۆپىنچە يوپۇرماق گىرۋىكىدە قىزغۇچ كۇلرەڭ كېسەللىك دېغى پەيدا بولۇپ، كېسەللىك دېغى دائىم يېرىلىپ، نەملىك يۇقىرى بولغان شارائىتتا قىزىل پاراشوكسىمان كېسەللىك باكتېرىيە ئىسپورىسى ھاسىل قىلىدۇ.

**4. مايسا يېتىپ كېتىش كېسىلى:** كېۋەز مايسىلىرى ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن، كېسەللىك باكتېرىيەسى ئاۋۋال يۇمران ئۇششاق يىلتىزلارغا يۇقۇملىنىپ، يۇمران غول ئاساسىي قىسمىدا سېرىق رەڭلىك كېسەللىك دېغى پەيدا قىلىدۇ، ئېغىر بولغاندا كېسەللەنگەن قىسىم يۇمشاپ سېسىپ، رەڭگى قېنىقلىشىپ ساغۇچ قوڭۇر رەڭگە كىرىپ، يۇمران مايسا تېز سۇرئەتتە قۇرۇلۇپ قورۇيدۇ، يوپۇرمىقىنىڭمۇ رەڭگى سۇسلىشىپ يۇمشاپ كېتىدۇ. يۇقىرى نەملىك شارائىتىدا، كېسەللەنگەن قىسىمدا ئاق رەڭلىك تورپاختىسىمان، كېسەللىك باكتېرىيەسى يىپچىسى شەكىللىنىدۇ، تىك قورۇش كېسىلى بىلەن ئوخشىمايدىغان كېسەللىك ئالامىتى شۇكى، يېتىپ كېتىش كېسىلىدە كېۋەز مايسىسىنىڭ ئاساسىي غول قىسمىدا قوڭۇر رەڭلىك ئولتۇرۇشقان كېسەللىك دېغى بولمايدۇ.

**5. قارا داغ كېسىلى:** مايسا مەزگىلىدە تۆرەلمە يوپۇرماق ياكى ھەقىقىي يوپۇرماقتا كېسەللىك كۆرۈلسە، يوپۇرماق يۈزىدە قىزغۇچ يېشىل رەڭلىك ئۇششاق چېكىتلەر پەيدا بولۇپ، كېيىن تەدرىجىي كېڭىيىپ يۇملاق شەكىلگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ياكى قانۇنىيەتسىز 10 ـ 15 مىللىمېتىر چوڭلۇقتىكى قىزغۇچ قوڭۇر رەڭلىك كېسەللىك دېغى پەيدا بولىدۇ. نەم شارائىتتا، كېسەللىك دېغى سىرتقى يۈزىدە روشەن ھالەتتىكى قارا رەڭلىك كۆكەرگەن قەۋەت پەيدا بولىدۇ. تۆرەلمە يوپۇرماقنىڭ يوپۇرماق سېپى زىديانغا ئۇچرىغان ۋاقىتتا، قارامتۇل قوڭۇر رەڭلىك سىزىقچە شەكىللىك كېسەللىك دېغى پەيدا بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا يوپۇرماقنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**6. بۇرجەكلىك داغ كېسىلى:** كېۋەز پۈتۈن ئۆسۈپ يېتىلىش جەريا-

(ئاخىرى 45 ـ بەتتە)

# ئالما ئاق تۇزان كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

پاتىگۈل مامۇت
(يوپۇرغا ناھىيەلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىدىن 844400)

ئالما ئاق تۇزان كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى كەڭ، زىيىنى بىر قەدەر ئېغىر بولۇپ، ئادەتتە ئالمىدىن باشقا نەشپۈت، شاپتۇل، ئۈزۈم، بېھى قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرگىمۇ زىيان سالىدۇ، بولۇپمۇ ئالما دەرىخىگە ئېغىر زىيان سېلىپ، مەھسۇلاتنى ۋە سۈپىتىنى تۆۋەنلىتىدۇ.

**1. كېسەللىك ئالامىتى:** بۇ خىل كېسەللىك كۆپىنچە ھاللاردا يوپۇرماق-تا پەيدا بولىدۇ، كېسەللىك پەيدا بولۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يوپۇرماقتا ئۇششاق ئاقۇچ كۇلرەڭ داغ پەيدا بولۇپ، كېيىن يوپۇرماق قورۇلۇپ قالىدۇ. يۇمران شاخلىرى كېسەللەنسە يوپۇرماق چىقىرالمايدۇ ۋە شاخنىڭ ئۇچى ئې-گىلىپ قورۇلۇپ قالىدۇ. ئېغىر بولغاندا شاخ ۋە مېۋىلەرگىمۇ زىيان سالىدۇ، يوپۇرماق، شاخلارنى ئاق تۇزان قاپلاپ كېتىدۇ، نەتىجىدە شاخلار قورۇپ، يۇمران مېۋە يىگىلەپ تۆكۈلۈپ كېتىدۇ.

**2. پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى:** بۇ خىل كېسەللىكنى ئاق تۇزان زەم-بۇرۇغى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى زەمبۇرۇغ كې-سەللەنگەن مېۋىدە ۋە قىشلىق بىخلار ئارىسىدا قىشتىن ئۆتىدۇ. 2 - يىلى ئەتىيازدا كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى زەمبۇرۇغ يىپچىلىرى ئارقىلىق تارقى-لىدۇ. ئەتىياز پەسلى قۇرغاق بولسا كېسەللىك ئېغىر پەيدا بولىدۇ. دەرەخ بەك زىچ تىكىلگەن، باشقۇرۇلۇشى ناچار، نەملىك بىر قەدەر يۇقىرى بولغان باغلاردا كېسەللىك ئاسان پەيدا بولىدۇ. 5 -، 6 - ئايلاردا كېسەللىك پەيدا بولۇشى ئەۋجىگە چىقىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى:** (1) كۈز ۋە قىش پەسلىدە مېۋىلىك دەرەخلەرنى چاتاشقا بىرلەشتۈرۈپ، كېسەللەنگەن شاخلارنى كې-سىۋېتىش، تۆكۈلگەن يوپۇرماقلارنى بىر يەرگە يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىش، ياز-لىق نوتىلاردا كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلسە ۋاقتىدا ئۈزۈۋېتىش لازىم؛ (2) چېچەكلەشتىن بۇرۇن ۋە چېچەكلەشتىن كېيىن بىر قېتىم دورا چېچىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن 50% لىك مېتىل توپسىن (甲基托布津) نەملىنىشچان پاراشوكىنى 800 ھەسسە، 50% لىك باۋىستىن (多菌灵) نەملىنىشچان پاراشوكىنى 1000 ھەسسە، 40% لىك تىرىئادىمىفون (粉锈宁) نەملىنىش-چان پاراشوكىنى 2000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش كېرەك. (03)

# ئانارلىق باغلارنى سۇغىرىش تېخنىكىسى

مۇيەسسەرجان قۇربانىياز
(تارىم دەريا ۋادىسى خوتەن باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن 848000)

ئانار دەرىخى مورفولوگىيەلىك ۋە بىيولوگىيەلىك جەھەتلەردە باشقا مېۋىلىك دەرەخلەردىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىپ تۇرغاچقا، قۇرغاقچىلىق ۋە يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. سۇ ساقلاش ئىقتىدارى ئەڭ تۆۋەن بولغان قۇم تۇپراقلاردىمۇ بىمالال ئۆسەلەيدۇ، سۇ ۋە تۇپراقتا بولغان تەلىپى ئانچە يۇقىرى ئەمەس. مۇنبەت ئەت تۇپراقتا قارىغاندا قۇمساڭ تۇپراقتا ياخشى ئۆسىدۇ، مۇنداق تۇپراقنىڭ سۇ ساقلاش ئىقتىدارى ئاجىز، ھاۋا ئۆتۈشۈشچانلىقى ياخشى بولىدۇ. يەر ئاستى سۇ ئورنى يۇقىرى، شور، زەي، pH قىممىتى يۇقىرى ھەم سېغىز تۇپراقلاردا ياخشى ئايىنمايدۇ. سۇنىڭ سۈپىتىگە بولغان تەلىپىمۇ ئۆزگىچىرەك بولۇپ، ئانار ئادەتتە تاغلاردىن ئېقىپ كەلگەن قار، يامغۇر سۈيى، بۇلاق سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ، تۇز ۋە باشقا تەركىبلەر ناھايىتى ئاز مىقداردا بولغان قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىلسىمۇ بولىدۇ. تۇز ۋە باشقا تەركىبلەر كۆپ بولغان قۇدۇق سۈيى، سېغىز تەركىبى ياكى لاي - لاتقا مىقدارى يۇقىرى بولغان دەريا سۈيى، ھەر خىل بۇلغانما سۇلار بىلەن سۇغىرىشقا بولمايدۇ. ئانار دەرىخى ئوق يىلتىز، يان يىلتىز، چاچما يىلتىز قاتارلىقلاردىن مۇكەممەل بولغان يىلتىز سىستېمىسى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، يېتىلگەن ئانار دەرىخىنىڭ ئوق يىلتىزى 3 ـ 4 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا، يان يىلتىزى 50 ـ 60 سانتىمېتىر، چاچما يىلتىزى 20 ـ 60 سانتىمېتىردىن چوڭقۇر بولغان دائىرىدە 8 ـ 10 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆسۈپ، سۇ ۋە سۇدا ئېرىگەن مىنېرالنى ماددىلارنى سۈمۈرۈپ غول، يوپۇرماقلارغا يەتكۈزۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. مېۋىگە كىرگەن چوڭ ئانار دەرەخلىرى ئادەتتە باشقا مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئوخشاش سۇغا كۆپ

ئېھتىياجلىق بولمىسىمۇ، ئەمما مۇۋاپىق ۋاقىتتا ئوغۇتلاپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن سۇغىرىش، ئانار دەرىخىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە كۆپلەپ مېۋە بېرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئانار دەرىخى سۇغا بولغان ئېھتىياجى ئەڭ تۆۋەن بولغان مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ بىرى. كونىلارنىڭ «ئانارنى چۆلگە تىك، ئەنجۈرنى كۆلگە» دېيىدىغان گېپىدىنلا ئانار دەرىخىنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ يۇقىرى ئەمەسلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئەمما ئانار دەرىخىنىڭ تۇپراققا بولغان تەلىپى ۋە يىلتىز سىستېمىسىنىڭ جايلىشىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئانارلىق باغلارنىڭ سۇغىرىش ۋاقتى، سۇغىرىش قېتىم سانى، ھەر قېتىملىق سۇغىرىش نورمىسى ۋە ئومۇمىي سۇغىرىش نورمىسى قاتارلىقلار مەزمۇن قىلىنغان مۇقىم سۇغىرىش نورمىسىنى بېكىتىش رايونلار ئارا بەك ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. شۇڭلاشقا جەنۇبىي شىنجاڭنى بىرلىك قىلىپ ھەر خىل تۇپراق ئەھۋالى، ئېتىز كىچىك كىلىماتى، ھۆل - يېغىن ئەھۋالى، پەرۋىش جەريانىدىكى ئوغۇتلاش، زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىش جەھەتتىكى ئوخشاش بولمىغان قاراشلار ئاساسىدا ھەم مول ھوسۇل ئېلىش، ھەم سۈنئىي تېجەپ ئىشلىتىش جەھەتتە سىناقتىن ئۆتكەن سۇغىرىش تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، مېۋىگە كىرگەن ياش، ئوتتۇرا ۋە چوڭ ئانارلىق باغلارنى يىلىغا تۆت قېتىمدىن بەش قېتىمغىچە سۇغىرىش مۇۋاپىق بولىدۇ.

كۆمۈكتىن ئېچىپ چېچەكلەشكىچە بولغان ئارىلىقتا بىر قېتىم سۇغىرىلىدۇ. بۇ چېچەكلەشتىن بۇرۇن سۇغىرىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئانار دەرىخى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى رايونلارنىڭ ھاۋا كىلىمات ئەھۋالىغا قاراپ، 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا كۆمۈكتىن ئېچىلىدۇ. كۆمۈكتىن ئېچىلىپ 15 كۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا ئېتىز بېشىدىن ھېسابلانغان ساپ سۇغىرىش نورمىسى بويىچە ھەر مو

يەرنى 65 ـ 75 كۇب مېتىر سۇ بىلەن سۇغارغاندا ئانار دەرىخىنىڭ بىخ سۇرۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن چېچەكلەشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە بولغان بىخ سۇرۇش، چېچەكلەش، يېڭى نوتىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە مېۋىلەش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

چېچەكلەشتىن كېيىن، مېۋىلەشكە باشلىغاندىن مېۋىسى يېتىلگەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتا ئېتىز بېشىدىن ھېسابلانغان ساپ سۇغىرىش نورمىسى بويىچە ھەر مو يەرنى 55 ـ 65 كۇب مېتىر سۇ بىلەن بىر قېتىم سۇغىرىش لازىم. ئانار دەرىخى 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا چېچەكلىگەچكە بۇ قېتىمقى سۇغىرىش نوتىلارنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مېۋىلەش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مېۋىنىڭ يوغىنىشىنى تېزلىتىش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئانار چېچەكلەپ 15 كۈندىن كېيىن يالغان چېچەكلەر (ئەركەك چېچەك) يىگىلەپ تۆكۈلۈشكە باشلايدۇ. چېچەك چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن سۇغىرىش ئەڭ مۇھىم پەيت ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر باغدىكى ئانار دەرەخلىرى ياش ھەم ئوتتۇرا ياشلىق بولسا ياكى ئانار دەرىخىنىڭ قۇر ئارىلىقىغا زىرائەتلەر كىرىشتۈرۈپ تېرىلغان بولسا، بۇ ئارىلىقتا يەنە شۇ مىقداردىكى سۇ بىلەن ئىككىنچى قېتىم سۇغىرىش لازىم. لېكىن ئىككى قېتىملىق سۇغىرىش ئارىلىقى 25 كۈندىن كەم بولماسلىقى لازىم.

مېۋىسى يوغىناپ پىشىشقا باشلىغاندا ئاز مىقداردىكى سۇ بىلەن بىر قېتىم سۇغىرىلىدۇ. بۇ قېتىمقى سۇغىرىش نورمىسى ئېتىز بېشىدىن ھېسابلانغان ساپ سۇغىرىش نورمىسى بويىچە ھەر مو يەر 45 ـ 50 كۇب مېتىر سۇ بىلەن سۇغىرىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ. بۇ قېتىملىق سۇغىرىش بىر تەرەپتىن مېۋىنىڭ يوغىناپ پىشىشىنى تېزلىتىپ، شۇ يىللىق

مەھسۇلاتنىڭ ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن زور مىقداردىكى ئوزۇقلۇق چېچەك بىخى شەكىللەندۈرۈپ، كېلەر يىلىمۇ مول ھوسۇل ئېلىشقا ئاساس سالىدۇ. ئەگەر پىشىش مەزگىلىدە كۆپ سۇغىرىلسا مېۋە پوستى يېرىلىش، مېۋىدە ۋىرۇس پەيدا بولۇش ئالامەتلىرى يۈز بېرىپ، مېۋىنىڭ سۈپىتى ۋە تەمىگە زور دەرىجىدە تەسىر يېتىدۇ.

ئانار دەرىخى سوغۇققا چىدامسىز بولغانلىقى ئۈچۈن كەچ كۈزدە كۆمۈپ، ئەتىيازدا ئېچىلىدۇ. سۇ شارائىتى ياخشى بولغان جايلاردا كەچ كۈزدە ئېتىز بېشىدىن ھېسابلانغان ساپ سۇغىرىش نورمىسى 50 كۇب مېتىر سۇ بىلەن نېپىز بىر قېتىم سۇغىرىپ توڭ ياتقۇزۇش كېرەك، بۇ ئادەتتە تۇپراق توڭلاشتىن بۇرۇن سۇغىرىلىپ، بىر تەرەپتىن قىشتا ئانار دەرىخىنىڭ يىلتىز، غوللىرىنىڭ توڭلاپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئانار دەرىخىنىڭ غول، شاخلىرىنى توڭ باستۇرۇپ كۆمۈش، زىياندăش ھاشاراتلارنى يوقىتىش ۋە كۆزلۈك ئوغۇتلاشنىڭ ئوزۇقىنى ئېلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە پايدىلىق رول ئوينايدۇ. سۇ شارائىتى ياخشى بولمىغان جايلاردا ئوتتۇرا، چوڭ ياشتىكى دەرەخلەرگە توڭ ياتقۇزمىسىمۇ كېلەر يىللىق مەھسۇلاتقا ئانچە تەسىر يەتمەيدۇ. ئەمما كۆچەتلەر ۋە ياش دەرەخلەرنىڭ توڭ سۈيىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يېڭىدىن ئەھيا قىلىنغان باغلارنى مول مېۋىگە كىرگەن باغلارغا قارىغاندا كۆپرەك سۇغىرىش كېرەك، ياش كۆچەتلەرنىڭ يىلتىزى قىسقا بولۇپ، ئۆزىگە ئېھتىياجلىق سۇنى تۇپراقنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن سۈمۈرەلمەيدىغان بولغاچقا، چوڭ دەرەخلەرگە قارىغاندا كۆپرەك سۇغىرىلىدۇ. ئادەتتە بىر يىل ئىچىدە 6 ـ 7 قېتىم سۇغىرىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ، لېكىن ھەر قېتىملىق سۇغىرىش نورمىسى يېتىلگەن باغلارنىڭ سۇغىرىش نورمىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئاز ياكى تەڭ بولۇشى لازىم. (05)

# قۇدۇق ئارقىلىق سۇغىرىش ۋە سۇ ئۆلچەشنى دېققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

ئەخمەتجان باقى
(ئاتۇش شەھىرى ئارغۇ يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن 845350)

نۆۋەتتە رايونىمىزدا ئومۇمىيۈزلۈك يەر ئاستى سۈيى بايلىقى ھەققى ئالماسلىق سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقتىن، دېھقانلار سۇ تارتىپ سۇغىرىشتا پەقەت توك پۇلى ۋە ماشىنىلاشقان قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىش ھەققىلا تاپشۇرىدۇ. شۇڭا قۇدۇق ئارقىلىق سۇغىرىشتا سۇ ئۆلچەش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىش، ئۆستەڭ ئارقىلىق سۇغىرىش رايونىدىكىدىن ئارقىدا قالدى. قۇدۇق ئارقىلىق سۇغىرىشتا كۆپىنچە تۇرۇبا ئارقىلىق يەتكۈزۈپ سۇغىرىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاچقا، قۇدۇق ئارقىلىق سۇغىرىش رايونىدىكى سۇ ئۆلچەش ئاساسلىقى تۇرۇبىدا سۇ ئۆلچەش تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلىشى ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتە، رايونىمىزدا قۇدۇق ئارقىلىق سۇغىرىش رايونىدا كۆپرەك قوللىنىلغان سۇ ئۆلچەش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل: (1) سۇ مىقدارىنى بىۋاستە ئۆلچەش: ماشىنىلىق پومپىنىڭ سۇ چىقىش ئېغىزىغا دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ سائىتى ياكى ئېقىم ئايرىش شەكلىدىكى ئېقىم مىقدارىنى ئۆلچىگۈچنى ئورنىتىپ، ھەربىر ئائىلىنىڭ ھەر قېتىملىق يەر سۇغىرىشقا ئىشلەتكەن سۇ مىقدارى بىۋاستە خاتىرىلىنىدۇ. باشقۇرۇش سەۋىيەسى يۇقىرىراق بولغان بىر قىسىم قۇدۇق بىلەن سۇغىرىش رايونىدا، بۇ خىل سۇ ئۆلچەش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئارتۇقچىلىقى سۇنى توغرا ئۆلچەيدۇ، لېكىن سېلىنما مەبلىغى بىرقەدەر يۇقىرى ھەمدە سۇ سائىتىنى قوغداش ۋە توڭلاپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. دۆلىتىمىزدىكى

بەزى زاۋۇتلار ئىشلەپچىقارغان ئېلىپ يۈرۈشكە قولايلىق ئېلېكتىر ماگ-نىتلىق ئېقىم مىقدارىنى ئۆلچىگۈچ ياكى ئۇلترا ئاۋازلىق دولقۇن ئېقىم مىقدارىنى ئۆلچىگۈچلەر، تۇراقلىق سۇ سائىتىنىڭ ئاسان بۇزۇلۇشتەك كەمچىلىكىدىن ساقلىنالايدۇ. لېكىن شۇ دەقىقىدىكى ئېقىم مىقدارىنى خا-تىرىلىيەلەيدۇ ھەمدە پۇتۇشمە باھاسى يۇقىرى، مەشغۇلاتى مۇرەككەپ بول-غاچقا، دېھقانلار ئاسانلىقچە ئىگىلىيەلمەيدۇ؛ (2) سۇ بېرىش ۋاقتىنى خا-تىرىلەش: بۇ خىل سۇ ئۆلچەش ئۇسۇلىنى قوللىنىشتىكى ئالدىنقى شەرت پومپىدىن چىققان سۇنىڭ مىقدارىنى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم ساقلاش بولۇپ، ھەربىر ئائىلىلىك دېھقان يەرنى سۇغارغاندا، پەقەت پومپا ئېچىلغان ۋە ئېتىۋېتىلگەن ۋاقتىنىلا خاتىرىلەيدۇ. بۇ خىل ئۆلچەش ئۇسۇلى گەرچە ئەمەلىي سۇغىرىشقا ئىشلىتىلگەن سۇ مىقدارىنى ھېسابلاش ئېنىقلىق دە-رىجىسىگە يەتمىسىمۇ، لېكىن مەشغۇلاتى ئاددىي بولغاچقا، دېھقانلار ئاسان قوبۇل قىلىدۇ. سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ قۇدۇق ئارقىلىق سۇغىرىش رايونىدا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ قوللىنىلغان IC كارتوچكىلىق سۇغىرىشنى باشقۇرۇش سىستېمىسى سۇ بېرىش ۋاقتىنى خاتىرىلەشنى ئاساس قىلىدىغان ئۆلچەش ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ. دېھقانلارنى يەر سۇغىرىشتىن ئىلگىرى ئاۋۋال IC كارتوچكىسى سېتىۋېلىپ يەرنى سۇغارغاندا، IC كارتوچكىنى ئاپتوما-تىك كارتا سۈرگۈچ سەپلەنگەن ماشىنىلاشقان قۇدۇق مەشغۇلاتى ئاپتوماتىك تىزگىنلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىلگىرىكى ئاۋۋال يەرنى سۇغىرىپ ئاندىن پۇل ئېلىش ئۇسۇلى، ئاۋۋال پۇل تاپشۇرۇپ ئاندىن يەر سۇغىرىش ئۇسۇلىغا ئۆزگەرتىلدى. بۇ ئۇسۇل سۇ ئىشلىتىشنى باشقۇرۇشقا پايدىلىق بولدى؛ (3) ئىشلەتكەن توك مىقدارىنى خاتىرىلەش: قۇدۇق ئارقىلىق سۇغىرىش

رايوندا دېھقانلار يەر سۇغارغاندا، تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئاساسلىق خىراجەت توك پۇلى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ھەربىر ماشىنىلاشقان قۇدۇققا توك سائىتى سەپلەپ، ئىشلەتكەن توك مىقدارى ئارقىلىق، ئىشلەتكەن سۇ مىقدارىنى ھېسابلاش، نۆۋەتتە قۇدۇق ئارقىلىق سۇغىرىش رايوندا ئەڭ كۆپ قوللىنىلغان ھېسابلاش ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. گەرچە سۇ پومپىسىنىڭ ئىشلەش ئەھۋالى ۋە يەر ئاستى سۇيى چوڭقۇرلۇقىنىڭ ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن، سۇ مىقدارى بىلەن توك ئىشلىتىش مىقدارى مۇقىم مۇناسىۋەتنى ساقلاپ توك سائىتىدىكى سانلارنى خاتىرىلىگەندە، ئەمەلىي سۇغىرىشقا ئىشلەتكەن سۇ مىقدارىنى توغرا ھېسابلىغىلى بولسىمۇ، لېكىن توك پۇلى ۋە ماشىنىلاشقان قۇدۇقتا سۇ چىقىرىش ھەققىنى ئايرىلدىغان قۇدۇق ئارقىلىق ھېسابلاپ ھەق ئېلىش ئەڭ ئاددىي بولغاچقا، دېھقانلارمۇ ئاسان قوبۇل قىلالايدۇ.

يۇقىرىقىلار قۇدۇق ئارقىلىق سۇغىرىش رايوندا سۇ ئۆلچەپ ھەق ئېلىشتىكى ئاساسلىق ئۈچ خىل ئۇسۇل بولۇپ، باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، بەزى جايلاردا 1 ـ خىل ئۇسۇل بىلەن 3 ـ خىل ئۇسۇل ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ قوللىنىلدى ياكى 2 ـ خىل ئۇسۇل بىلەن 3 ـ خىل ئۇسۇل ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ قوللىنىلىپ، توك پۇلىنى توك سائىتىدىكى سان بويىچە تاپشۇرغان، ماشىنىلاشقان قۇدۇقتا سۇ چىقىرىش ھەققى قاتارلىقلارنى ئەمەلىي سۇ ئىشلىتىش مىقدارى ياكى پومپىنى ئىشلىتىش ۋاقتى بويىچە پۇل تاپشۇرۇشقا يۈزلەندۈرۈلدى. (05)

# ئېرىق - ئۆستەڭلەردىكى سىڭىش ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرى

پاتىگۈل قۇتلۇق
(ئاتۇش شەھەرلىك سۇچىلىق ئىدارىسىدىن 845350)

دەريا ياكى سۇ ئامبىرىدىن ئۆتەڭگە باشلانغان سۇ ئېتىزغا بارغۇچە ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتىدۇ، بۇ جەرياندا سۇنىڭ بىر قىسمى سىڭىپ ۋە پار-لىنىپ يوقىلىدۇ. سۇنىڭ يوقىلىشىنى مۇنداق ئۈچ خىلغا بۆلۇشكە بولىدۇ. بىرىنچىسى، پارغا ئايلىنىپ يوقالغان سۇ؛ ئىككىنچىسى، باشقۇرۇشنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى تۈپەيلىدىن يوقالغان سۇ، ئۈچىنچىسى، سىڭىپ يو-قالغان سۇ. ئېرىق - ئۆستەڭلەردىكى سىڭىپ يوقىلىش، ئېرىق - ئۆستەڭ-لەرنىڭ تېگى ۋە ئاتكوسى ئارقىلىق تۇپراققا سىڭىپ كەتكەن سۇلارنى كۆرسىتىدۇ. سۇنىڭ سىڭىپ يوقىلىشى تۇپراقنىڭ خۇسۇسىيىتىگە، يەر ئاستى سۈيىنىڭ جايلىشىش ئورنىغا، سۇدىكى لاي - لاتقا مىقدارىغا، ئې-رىق - ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا ۋە گىدرووۋلىكىلىق ئۆلچەملىرىگە (ھۆل-لەنگەن پېرىمېتىرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، سۇ چوڭقۇرلۇقى ۋە ئېقىم مىقدارى)، سۇ تەقسىملىگۈچى ۋە تەڭشىگۈچى ئىنشائاتلارنىڭ سانىغا باغ-لىق بولىدۇ. ئېرىق - ئۆستەڭلەر قانچىكى ئۇزۇن، ھۆللەنگەن پېرىمېتىر بىلەن سىڭىش كوئېففىتسېنتى قانچە چوڭ بولسا، ئۇنىڭدىكى سۇنىڭ سى-ڭىپ يوقىلىشى شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى:** (1) باشقۇرۇش چارىسى: قۇرۇلۇشنى باشقۇ-رۇشنى كۈچەيتىش ۋە سۇنى پىلانلىق، تېجەشلىك ئىشلىتىش كېرەك. قۇ-رۇلۇش باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئېرىق - ئۆستەڭ سىستېمىسىنى ياخ-شىلاپ، بۇزۇلغان يەرلەرنى رېمونت قىلىپ، مۇھاپىزەت قىلىشنى كۈچەي-تىپ، پىلانلىق، تېجەشلىك سۇغىرىشنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئېرىق - ئۆستەڭ سىستېمىسىنىڭ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتىنى يۇقى-رى كۆتۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك رول ئوينايدۇ. (2) قۇرۇلۇش چارىسى: بۇ سى-ڭىش ئەڭ ئاز بولغان ئېرىق - ئۆستەڭلەر تۈغرا كەسمە يۈزىنى قۇرۇش،

# ئېتىز تەجرىبىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەجرىبە يېرىنى تاللاشتا سۇغىرىش ئامىلىنى ئالدىن ئويلىشىش كېرەك

تۇرسۇنگۈل جامال
(ئاتۇش شەھىرى ئازاق يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن 845350)

ھەرقانداق بىر ئېتىز تەجرىبىسى تەجرىبە تېمىسىنى تاللاش، تەجرىبە لايىھەسىنى تۈزۈش، مەزمۇن ۋە كاندۇكلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، تېرىپ ئۆستۈرۈش، ئېتىز - ئېرىق پەرۋىشى، ئېتىزلاردا تەكشۈرۈپ خاتىرىلەش، سۇغىرىش، ئىستاتىستىكا قىلىش ۋە خۇلاسە قىلىش قاتارلىق بىر يۈرۈش جەريانلار ئارقىلىق تاماملىنىدۇ. ئېتىز تەجرىبىلىرىنى ياخشى ئىشلەش ياكى ئىشلىيەلمەسلىك ئەمەلىيەتتە ئېتىز تەجرىبىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش تەرتىپىگە ئەھمىيەت بېرىش - بەرمەسلىك بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بولۇپمۇ «سۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى»، «ھوسول ئېلىش - ئالالماسلىق سۇغا باغلىق» بولۇپ، ئېتىز تەجرىبىلىرىنى ئىشلىگەن ۋاقىتتا ئىشلەنگەن ئېتىز تەجرىبىلىرىدىكى زىرائەتلەرنىڭ ياخشى ئۆسۈپ

تۇپراقنىڭ سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى تۆۋەنلىتىش، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى يۈزلەش ۋە يېپىق سۇغىرىش سىستېمىسى قۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت ھازىر كۆپ قوللىنىۋاتقان سىڭىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە: ① توپا بىلەن يۈزلەپ سىڭىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ ② تاش بىلەن يۈزلەپ سىڭىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ ③ بېتون بىلەن يۈزلەپ سىڭىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ ④ ئاسفالتلىق ماتېرىياللار بىلەن يۈزلەپ سىڭىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ ⑤ يالتىراق يوپۇق بىلەن يۈزلەپ سىڭىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ ⑥ باشقا ئۆسۈللار بىلەن يۈزلەپ سىڭىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يەنى سۇنئىي شورلاشتۇرۇش بىلەن سىڭىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە لايىھەلىنىپ سىڭىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىقلار. (05)

يېتىلىشى ۋە ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن سۇغىرىش ئامىلىنى ئەڭ ئاۋۋال ئويلىشىش كېرەك. ئەڭ ياخشى بولغان سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلغاندىلا تەجرىبە ئۈنۈملۈك بولۇپ پايدىلىنىش قىممىتى بولىدۇ.

1. ئېتىز تەجرىبە پىلان تېمىسىنى تاللاش ۋە بېكىتىشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: ئىشلەپچىقىرىشتىكى ھەل قىلىش ئىنتايىن زور بولغان مەسىلەلەرنى تەجرىبە تېمىسى قىلىپ تاللاش كېرەك. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا: (1) رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەتقىقات تېمىلىرى؛ (2) ئامما ئارىسىدىكى تالاش - تارتىش بولۇۋاتقان، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشقا ئائىت مەسىلىلەر؛ (3) ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئۈنۈملۈك تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاستىدا تېخىمۇ بىرقەدەر ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر؛ (4) يېڭى تېخنىكا، ئەلا سۈپەتلىك سورتلارنى كېڭەيتىشتە ئۈلگە كۆرسىتىش قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەرنى تەجرىبە تەتقىقات تېمىسى قىلىپ بېكىتىش كېرەك. ئېتىز تەجرىبە پىلانىنىڭ تېمىسىنى تاللاش ۋە بېكىتىش جەريانىدا بېكىتمەكچى بولغان مەزمۇنلاردىكى ئاساسىي ھالقىلاردىكى سۇ مەنبە ئامىلى، ئاممىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى سۇغىرىش تەجرىبىسى، سۇغىرىش ۋاقتى، سۇ مىقدارىنى تەجرىبە تېمىسىغا كىرگۈزۈش كېرەك. چۈنكى ياخشى، ئۈنۈملۈك تېما تاللانمىسا، تەجرىبىنىڭ ھېچقانداق پايدىلىنىش قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

2. تەجرىبە پىلانىنى تۈزۈشتە تۆۋەندىكى مەزمۇنلار بولۇش لازىم. (1) ئىشلەنمەكچى بولغان ئېتىز تەجرىبىسىنىڭ نامى؛ (2) تەجرىبىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى؛ (3) تەجرىبىگە ئاساسلىق يېتەكچىلىك قىلغۇچى ۋە ئىجرا قىلغۇچى؛ (4) تەجرىبە ئىشلەنمەكچى بولغان ئورۇن، ۋاقىت، تەجرىبە ئېتىزىنىڭ ئورنى، تۇپراق، يەر تۈزۈلۈشى قاتارلىقلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى؛ (5) تەجرىبە - تەتقىق قىلماقچى بولغان ماتېرىياللار؛ (6) تەجرىبە ئېتىزلىرىنىڭ كۆلىمى، بىر تەرەپ قىلىنىش پىلانى، كاندۇكلارنى ئورۇنلاشتۇ-

رۇش، ئېتىز ئىسخېمىسى، زىرائەتنىڭ ھەربىر كاندۇكىلاردىكى ئورۇنلاش-تۇرۇش سانى، ئومۇمىي تۈپ سانى، تەجرىبە رايونىنىڭ تۇپراق ئەھۋالى، جۇغراپىيەلىك ئورنى، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى، ئالدىن تېرىلغان زىرا-ئەت تۈرى تەجرىبە لايىھەسى كاندوكلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش تەكرار قېتىم سانى؛ (7) سۇغىرىش ئۈچۈن يېتەرلىك سۇ مەنبەسى، سۇغىرىش لىنىيەسى، ھەر قېتىملىق سۇغىرىش پىلانى، يىللىق ئومۇمىي سۇغىرىش پىلانى؛ (8) تەجرىبە رايونىنىڭ ئېتىز ـ ئېرىق پەرۋىشىگە قويۇلىدىغان تېخنىكى-لىق تەلەپ، تېرىش، باشقۇرۇش تەدبىرى؛ (9) ئېتىزدا تەكشۈرۈپ خاتى-رىلەش ۋە تەكشۈرۈپ ئانالىز قىلىش، ئۆلچەش تۈرى ئۇسۇلى؛ (10) تەجرىبە ئىشلەش ئۈچۈن يېتەرلىك راسخوت، ئەسۋاب، ئۈسكىنە، ماتې-رىيال تولۇق بولۇش كېرەك.

يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاش، ئەلا سۈپەتلىك سورتلارنى تاللاپ تېرىش، ئىلغار تېخنىكىلىق ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى، ئىلغار سۇغىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش زۆرۈر. بۇ ئارقىلىق زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى ھەرقايسى ئايلار بويىچە ئېھتىياجلىق سۇ مىقدارى بويىچە تو-لۇق سۇغىرىپ، زىرائەتلەرنىڭ ياخشى ئۆسۈشىگە، مول ھوسۇل ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

3. تەجرىبە رايونىنى تاللاشتا تۆۋەندىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. (1) ۋەكىل خاراكتېرلىك بولۇش كېرەك. تەجرىبە ئېتىزلارنىڭ يەر شارا-ئىتى تۇپراق ئۇنۇمدارلىق سۇغىرىش شارائىتى قاتارلىق ئامىللار چوڭ ئې-تىزلارغا ۋەكىل قىلالايدىغان بولۇش كېرەك؛ (2) تەجرىبە ئېتىز قىلىپ

# كېۋەزنى سۇ تېجەپ سۇغىرىش ئۇسۇلى

سەيدىگۇل قۇربان
(ئاتۇش شەھىرى ئۇستۇنئاتۇش بازارلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن 845350)

سۇ كېۋەزنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇپ، پۈتكۈل ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا تۇپراقتىكى سۇنى سۈمۈرۈشكە موھتاج بولىدۇ. كېۋەزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى سۇغا بولغان ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

1. تېرىش مەزگىلىدىكى سۇغىرىشقا دىققەت قىلىش كېرەك: بۇ بىر قېتىملىق زۆرۈر بولغان سۇغىرىش ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا سۇغىرىش ئۇسۇلىنى ئويلىشىپلا قالماي، يەنە سۇغىرىش ۋاقتىنىمۇ ئويلىشىش بەك مۇھىم. سۇغارماسلىق سەۋەبىدىن تۇپراق تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ، مايسا ئۈنۈپ چىقىشقا تەسىر يېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. كېۋەزنى مايسا مەزگىلىدىن تارتىپ ھەرخىل ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچلىرىدا ۋاقتىدا مۇۋاپىق سۇغىرىشتا دىققەت قىلغاندا مەھسۇلاتنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

2. قۇرغاقچىلىققا چىداملىق سورتنى تاللاپ، قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم.

---

بېكىتكەن ئېتىز تەكشى بولۇش كېرەك. ئېتىز تەكشى بولغاندا سۇغىرىلغان ۋاقىتتا ئېتىزنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا سۇ تەكشى يېتىپ بېرىپ، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى سۇ بىلەن تەكشى تەمىنلىنىدۇ؛ (3) تۇپراق ئۈنۈمدارلىقىنى خىمىيەلىك ئانالىز قىلىش كېرەك. يەنى تۇپراقتىكى ئېشقارلىق ماددىلار، تۇپراقتىكى ئاساسىي تەركىبنى تەكشۈرۈپ ئانالىز قىلىش لازىم؛ (4) تەجرىبە ئېتىزلىرىنى ئورمان بەلبېغى، چوڭ دەرەخ تۈۋىدىن 30 ـ 50 سانتىمېتىر يىراقلىقتا ئورۇنلاشتۇرۇش ھەمدە چوڭ ئېرىق ـ ئۆستەڭ قۇرۇق، كۆل، بولاق تۈۋىدىن 100 مېتىردىن يىراق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. (05)

3. ئېقىتىپ ئوغۇتلاش قاتارلىق زىرائەتنى سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ ئوغۇتلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئوزۇقلۇقنى تەڭپۇڭ تەمىنلەش ياكى ئوغۇتلاش ئۇسۇلى بولسا زىرائەتنىڭ سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. ئوخشاش بولمىغان ئېتىزنىڭ تۇپراق ئەھۋالى ۋە زىرائەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردىكى سۇغا بولغان تەلىپىگە ئاساسەن مۇۋاپىق ئوغۇتلاش، تەڭشەپ ئوغۇتلاش ئاساسىدا مۇۋاپىق سۇغىرىپ، سۇغىرىش ۋە تەبىئىي سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرىلىتىپ، مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتىنى يۇقىرىلىتىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

4. غۇنچىلاش مەزگىلىدىكى سۇغىرىش مىقدارىنى ئازلىتىپ، چېچەكلەش ۋە غوزىلاش مەزگىلىدىكى سۇغىرىش مىقدارىنى كۆپەيتىش كېرەك. كېۋەزنىڭ چېچەكلەش مەزگىلى ئەڭ ئىسسىق پەسىلگە توغرا كېلىدۇ، بۇ مەزگىل كېۋەزنىڭ ئوزۇقلۇق ئۆسۈشى بىلەن كۆپىيىپ ئۆسۈشى كۈچەيگەن مەزگىل بولۇپ، سۇ يېتىشمىسە ئوڭايلا غۇنچىلارنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەزگىلدە 1 ـ 2 قېتىم سۇغىرىپ، كېۋەزنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلغاندا، غوزىنىڭ ئېغىرلىقىنى ۋە سۈپىتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

5. پاختا ئېچىلغان مەزگىلدە سۇغىرىشقا دىققەت قىلىش كېرەك: بۇ مەزگىلدە سۇغارغاندا كېۋەزنىڭ قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، بالدۇر ئاجىزلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، غوزىسىنىڭ چوڭ، ئېغىر بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پاختا مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق بولىدۇ. (05)

# سېغىن ئىنەكنىڭ تويۇقلۇق ئىسراپچىلىكى مۇھىم نۇقتىلار

رايىلە پولات
(ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق باش پونكىتىدىن 830000)

1. كۆندىلىك ئوزۇقلۇق رېتسېپى مۇۋاپىق بولۇش كېرەك. كۆندىلىك يەم ـ خەشەكى تەركىبىدىكى كالتسىي، فوسفور نىسبىتىنىڭ تۇياقىا بولغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. سېغىن ئىنەكنىڭ كۈندىلىك يەم ـ خەشەكى تەركىبىدە كالتسىي ياكى فوسفور يېتىشمىسە ئۇستىخان شالاڭلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر كالتسىي ۋە فوسفورنىڭ مىقدارى ئېشىپ كەتسە سىنك قاتارلىق ئېلېمېنتلار بىلەن ئۆزئارا قارشىلىشىش شەكىللىنىپ قالىدۇ ـ دە، سىنك يېتىشمەسلىك كۆرۈلىدۇ. سىنك يېتىشمىگەندە تۇياق مۈڭگۈزلىشىپ، ئاسانلا تۇياق چىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا كالتسىي ۋە فوسفور ماددىسى زىيادە كۆپ بولۇپ كەتسىمۇ ئوخشاشلا تۇياق چىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادەتتە كالتسىي، فوسفور نىسبىتى 1:2 ياكى 1:1.3 بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كۈندىلىك يەم-خەشەك تەركىبىدە ۋىتامىن D كەمچىل بولغاندىمۇ ئوخشاشلا تۇياق كېسەللىرى كۆرۈلىدۇ. شۇڭا سۈپەتلىك يېرىك يەم ـ خەشەك بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئەگەر بوغۇزنى بەك كۆپ بەرگەندە، بولۇپمۇ كاربون ـ سۇ بىرىكمىسىنى كۆپ بەرگەندە چوڭ قېرىنىنىڭ كىسلاتالىقى ئېشىپ كېتىپ، ئاسانلا تۇياق كېسەللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر بوغاز بولۇپ قالسا ئاقسىل يېتىشمەي، تۇياقنىڭ غەيرىي يېتىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، تۇياق يېرىلىش قاتارلىق كېسەللىكلەر كۆرۈلىدۇ. شۇڭا بوغۇز ۋە يېرىك يەم-خەشەك نىسبىتى مۇۋاپىق بولۇش كېرەك. ئادەتتە بوغۇز ۋە يېرىك يەم-خەشەك نىسبىتى سېغىن ئىنەكلەرنىڭ ھەرقايسى سېغىش باسقۇچلىرىدا ئوخشىمايدۇ. سېغىشنىڭ ئالدىنقى، ئوتتۇرا، ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا بولارنىڭ نىسبىتى 40:60، 50:50، 60:40 بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

2. مۇھىت تازىلىقىنى ياخشى ئىشلەش، ئىنەكنىڭ تۇيۇقىنى قەرەللىك تەكشۈرۈش، تۇياق ئاسراش خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئىنەك تۇرۇۋاتقان مۇھىتنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى تۇياق كېسەللىكى پەيدا بولۇشىنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. كالا قوتىنى ۋە ھەرىكەت مەيدانلىرىنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى ياخشى ئىشلەش، قىغ، تاش قاتارلىقلارنى ۋاقتىدا تازىلاش، ئەستايىدىل دېزىنفېكسىيە قىلىش، قوتان ۋە ھەرىكەت مەيدانلىرىنى پاكىز ھەم قۇرغاق قىلىش ئارقىلىق تۇياق ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا بولىدۇ. قەرەللىك ھالدا تۇياق تەكشۈرۈش ۋە ئاسراش بىر تۇرلۇك ناھايىتى مۇھىم خىزمەت بولۇپ، تۇياق چىرىش، ئاقساپ مېڭىش ھەم باشقا تۇياق كېسەللىكلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنى زور دەرىجىدە ئازايتىدۇ. ھەر كۈنى كالىلارنى كۆزىتىپ، تۇياقتا مەسىلە بار كالا بايقالسا ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىش، ھەر يىلى ئىككى قېتىم فورمالىن(福尔马林) بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىش ياكى مىس سۇلفات (硫酸铜) ئېرىتمىسىگە كالىلارنىڭ تۇيىقىنى چىلاش كېرەك. ھېچ بولمىغاندا سېغىن ئىنەكلەرنى تۇغۇشتىن 3 ـ 6 ئاي بۇرۇن ۋە تۇغۇپ 120 كۈندىن كېيىن بىر قېتىمدىن تۇياق ئاسراش كېرەك. (02)

(بېشى 29 ـ بەتتە)

نىدا بۇ خىل كېسەللىكنىڭ زىيىنىغا ئۇچرايدۇ. يوپۇرماقتا كېسەللىك كۆرۈلسە، يوپۇرماق ئارقىسىدا سۇزۇك يۇمىلاق شەكىلدىكى كېسەللىك دېغى پەيدا بولۇپ، كېيىن كېڭىيىپ قارا رەڭگە ئۆزگىرىپ، مايسا غولىغىچە كېڭىيىپ، مايسىنىڭ سۇنۇپ نابۇت بولۇشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەقىقىي يوپۇرماقتا كېسەللىك كۆرۈلسە، كېسەللىك دېغى قوڭۇر يېشىل رەڭدە بولۇپ، كېيىن قېنىق قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ، ئەتراپتىكى يوپۇرماق تومۇرىنىڭ تەسىرىدە كېسەللىك دېغى كۆپ بۇرجەكلىك شەكىلگە كىرىدۇ. قىسمەن ھاللاردا كېسەللىك دېغى يوپۇرماق تومۇرىنى بويلاپ كېڭىيىپ، يوپۇرماق تومۇرى ئەتراپىنى چۆرىدەپ، قوڭۇر رەڭدە سىزىقچە شەكىللىك داغ پەيدا قىلىپ، كېسەللەنگەن يوپۇرماق غۇزمەكلىشىپ قۇرۇلىدۇ. (05)

# يېڭى سېتىۋالغان ياكى چوڭ رېمونتتىن چىققان تىراكتورلارنى كۆندۈرۈش ئۇسۇلى

تۇرغۇن ئەمەت
(باي ناھىيە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 842300)

يېڭى سېتىۋالغان ياكى چوڭ رېمونتتىن چىققان تىراكتورلارنى چوقۇم ئىشلىتىش جۇشەندۇرۇشىدە كۆرسىتىلگەن تەلەپ بويىچە كۆندۈرۈش كېرەك. تىراكتورلاردىكى دېتاللارنىڭ يۈزى كۆرۈنۈشتە ناھايىتى سىلىق بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تېگىشىش يۈزىنىڭ كۆلىمى ئەسلىدىكىدىن كىچىك، دېتاللارنىڭ يۈزى ئۇنچىۋالا سىلىق بولمايدۇ. تىراكتورلار تېخنىكىلىق تەلەپ بويىچە كۆندۈرۈلسە ئۆز ئارا ھەرىكەتلىنىدىغان دېتاللارنىڭ ئۇپرىشى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشىدۇ ھەم ماسلىشىشچانلىقى ئاشىدۇ. ئەگەر تەلەپ بويىچە كۆندۈرمەي ئىشلىتىلسە دېتاللارنىڭ ماسلىشىش يۈزى قىززىپ شەكلى ئۆزگىرىش، زەخىملىنىش، ئويمان پەيدا بولۇش، ئېغىر بولغاندا كاھىش كۆيۈپ، جەينەكلىك ئوقنى تۇتۇۋېلىشتەك ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. شۇڭا يېڭى سېتىۋالغان ياكى چوڭ رېمونتتىن چىققان تىراكتورلارنى چوقۇم كۆندۈرۈش لازىم.

**1. تىراكتورنى كۆندۈرۈشتىن ئىلگىرىكى تەييارلىق:** كۆندۈرۈشتىن ئىلگىرى تىراكتورنىڭ سىرتقى قىسمىنى پاكىزلاش، بارلىق سىرتقى چىڭىتقۇچى بولتا، گايكىلارنى تولۇق چىڭىتىش، بەلگىلەنگەن بارلىق توچكىلارنى تولۇق مايلاش، موتور كارتورى (ماي تەگلىسى) گە، سۈرەت ئۆزگەرتىش كارۇپكىسىغا ئاپتۇل تولۇقلاش، ھاۋا تازلىغۇچنى تەكشۈرۈش، ماي باكىغا دىزېلىن تولۇقلاش، سوۋۇتۇش سۈيى تولدۇرۇش لازىم. ئاندىن موتورنى ئوت ئالدۇرۇپ 10 مىنۇت ئەتراپىدا ئايلاندۇرۇپ، موتور خىزمىتىنىڭ نورمال ياكى نورمال ئەمەسلىكىنى كۆزىتىش لازىم .

**2. يېڭى سېتىۋالغان ياكى چوڭ رېمونتتىن چىققان تىراكتورلارنى كۆندۈرۈش:** (1) موتور يۈكسىز ھالەتتە (تىراكتورنى ئورنىدىن قوزغىماي) تۆۋەن سۈرەتتىن يۇقىرى سۈرەتكە قاراپ تەدرىجىي ئايلاندۇرۇلىدۇ؛ (2) تىراكتورنى يۈكسىز (چاتما سايمان سۆرەتمەي) ماڭدۇرۇپ، تۆۋەن

سۈرەتتىن تەدرىجىي سۈرئىتىنى ئاشۇرۇپ كۆندۈرۈش لازىم. تىراكتورنى ھەربىر خوتتا 30 مىنۇتتىن ماڭدۇرۇپ رولىنى ئوڭ ـ سولغا بۇراش، تورمۇزنى كۆپ قېتىم ئىشلىتىش ئارقىلىق سىلىقلاپ كۆندۈرۈش لازىم. مۇفتا، خوت يۆتكەش، رولىنىڭ ۋە تورمۇزنىڭ ئىشەنچلىك ئىشلەيدىغان ۋە ئىشلىمەيدىغانلىقىنى كۆزىتىش لازىم. ئەگەر تىراكتورنى يۈكسىز كۆندۈرۈش جەريانىدا غەيرىي ئاۋاز سېزىلسە دەرھال سەۋەبىنى تېپىپ چىقىپ، بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن داۋاملىق كۆندۈرۈش لازىم؛ (3) تىراكتورنى يۈكلۈك كۆندۈرۈش: بۇنىڭدا يۈكنى تەدرىجىي كۆپەيتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تىراكتور ھەربىر خوتتا بىر سائەتتىن، يۈكنى تەدرىجىي كۆپەيتىپ ماڭدۇرۇپ كۆندۈرۈلىدۇ. ھەربىر تىراكتورنىڭ چۈشەندۈرۈش قوللانمىسىدىكى يۈرۈش تېزلىكى (خوت ئورنى)، كۆندۈرۈش ۋاقتى ۋە ئەڭ يۇقىرى يۈك نورمىسى قاتارلىق تەلەپلەرگە ئاساسەن كۆندۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

**3. تىراكتورنى كۆندۈرۈپ بولغاندىن كېيىنكى تەكشۈرۈش:** تىراكتورنى كۆندۈرۈش باسقۇچى تاماملانغاندىن كېيىن دەرھال ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى كۆندۈرۈش جەريانىدا تىراكتورنىڭ مايلاش سىستېمىسىدا كۆپ مىقداردا مېتال ئۇۋاقلىرى پەيدا بولىدۇ ۋە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ تەڭشەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا تىراكتورنى كۆندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ماي تەگلىكىسىدىكى ئاپتولنى قىززىق پېتى چۈشۈرۈۋېتىپ، ئورنىغا دىزېلىن قاچىلاپ، ماتورنى ئۈچ مىنۇت ئەتىراپىدا ئايلاندۇرۇپ، دىزېلىننى پاكىزە چۈشۈرۈۋېتىپ يەنە يېڭى ئاپتول قاچىلىنىدۇ. ئاندىن سىلىندىر قاپقىقى گايكىسىنى ئۆلچەم بويىچە چىڭىتىش، ئالدى چاق ئالدى تارايتىلىشى، كىلاپان يوچۇقى، مۇفتا ۋە تورمۇزنىڭ ئەركىن مۇساپىسىنى تەكشۈرۈپ تەڭشەش، قوللانمىدا كۆرسىتىلگەن ئورۇنلارنى مايلاش قاتارلىق جەريانلاردىن كېيىن ئىشلىتىشكە بولىدۇ. چوڭ رېمونتتىن چىققان تىراكتورلارنى كۆندۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەڭشەش، تېخنىكىلىق ئاسراش ئۇسۇلى يېڭى تىراكتورلارنى كۆندۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. (02)

# پاتقاق گازى ئوچىقىدىكى ۋە پاتقاق گازى چىرىغىدىكى كاشىلىلارنى ئوڭشاش ئۇسۇلى


ھۆرنىسا ئابلىكىم

(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىرگىيە مۇھىت ئاسراش خىزمەت پونكىتىدىن 845350)


1. بېسىم كۆچى سائىتىدىكى بېسىم كۆچى بىرقەدەر يۇقىرى، ئەمما پاتقاق گازى ئوچىقىدىكى ئوت سۇس بولسا، ۋېكلىيوچاتېل تۆشۈكىنىڭ دىيامېتىرى بەك چوڭ بولۇپ كەتكەنلىكتىن ۋە پوركۇش ئېغىزى ئېتىلىپ قالغانلىقتىن بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ۋېكلىيوچاتېلنى ئالماشتۇرۇش، ۋېكلىيوچاتېل ئۆزەك تۆشۈكىنى، پوركۇش ئېغىزىنى تازىلاپ ئېچىش كېرەك.

2. پاتقاق گازى ئوچىقىدا ئوت كۆيگەندە ئوت بىردەم ئۆلغىيىپ، بىردەم سۇسلاپ ۋە پاتقاق گازى چىرىغىمۇ بىردەم يېنىپ ئۆچسە، بېسىم كۆچى سائەت ئىستىرېلكىسى ئاستى ـ ئۈستىگە ھەرىكەتلەنسە، بۇ گاز يەتكۈزۈش تورۇبىسى ئىچىگە سۇ يىغىلىپ، پاتقاق گازنىڭ يەتكۈزۈلۈشى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانلىقتىن پەيدا بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا تورۇبا يولىدىكى ئەڭ تۆۋەن نۇقتىدىكى يىغىلىپ قالغان سۇنى چىقىرىۋېتىپ، گاز، سۇنى ئايرىش ئۈسكۈنىسى ئورنىتىش كېرەك.

3. پاتقاق گازى ئوچىقىدا ئوت سۇس يېنىش، پوركۇش ئېغىزىدا ئوت يالقۇنى ۋە غەيرىي ئاۋاز پەيدا بولۇش، ئوت كۆيىدىغان سايماننىڭ ئوت تۆشۈكى بىرقەدەر چوڭ بولغانلىقتىن كۆرۈلىدۇ، پاتقاق گاز بېسىم كۈچى تۆۋەن بولغانلىقتىن ئوت سۇس يانىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا پاتقاق گازى بېسىم كۈچىنى يۇقىرىلىتىپ، ھاۋا تەڭشىگۈچنى تەڭشەش ياكى ئوت قاپقىقىنى ئالماشتۇرۇۋېتىش كېرەك. قازان جاھازىسىنى مۇۋاپىق ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئوت تۆشۈكىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك.

4. پاتقاق گازى يېتەرلىك بولسىمۇ چىراغ يورۇق، ئاق يېنىش، تور ياپقۇچ (سېتكا) سۆيىتى ناچار بولۇش ۋە ھاۋا تەڭشەش تۆشۈكىنىڭ ئورنى ياخشى تەڭشەلمىگەنلىكتىن كۆرۈلىدۇ، شۇنداقلا پوركۇش ئېغىزىنىڭ تۆشۈك دىيامېتىرى بەك كىچىك ياكى ئېتىلىپ قېلىشتىن كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا، تور ياپقۇچ (سېتكا) نى ئالماشتۇرۇۋېتىش، ھاۋا تەڭشەش تۆشۈكىنىڭ ئورنىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، پوركۇش ئېغىزىنى تازىلاش كېرەك.

5. چىراغ قىزىل يانسا پاتقاق گازى يېتەرلىك بولماسلىق، هاۋا بەك كۆپ بولۇپ، پاتقاق گازىغا هاۋا تەكشى ئارىلاشماسلىق سەۋەبىدىن كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا، پاتقاق گازى بېسىمىنى ۋە گاز چىقىش مىقدارىنى يۇقىرىلىتىش، هاۋا تەڭشەش تۆشۈكىنى كىچىكلىتىش كېرەك.

6. چىراغ نۇرى سۇسلاشسا پاتقاق گازى يېتىشمەسلىك، بېسىم كۈچى تۆۋەن بولۇش، پۇركۇش ئېغىزى ئېتىلىپ قېلىش، كېرەكسىز هاۋانى سۈمۈرۈۋېلىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا، پاتقاق گازى مىقدارىنى كۆپەيتىش، پۇركۇش ئېغىزىنى ئېچىش، كېرەكسىز گازنى چىقىرىۋېتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللانسا بولىدۇ.

7. تور ياپقۇچ (سېتكا) قېپىنىڭ جاھازىسى سىرتىدا ئوت يانسا پاتقاق گازىنىڭ مىقدارى بەك كۆپ بولۇپ كېتىش، هاۋا يېتىشمەسلىك، پۇركۇش ئېغىزى تۆشۈكى ئۇدۇل كەلمەسلىك سەۋەبىدىن كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا، پاتقاق گازى كىلاپاننى كىچىك ئېتىش، هاۋا تەڭشەش ئېغىزىنى چوڭراق ئېچىش، پۇركۇش ئېغىزىنى ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللانسا بولىدۇ.

8. چاقماقلىق پاتقاق گازى ئوچىقى، پاتقاق گازى چىرىغى ئاسانلىقچە يانمىسا پاتقاق گازى بېسىمىنىڭ بەك يۇقىرى بولۇشى، چاقماق يىڭنىسى قىيسىيىپ قېلىش، باتارېيەنىڭ ئېلېكتىر بېسىمى بەك تۆۋەن بولۇش سەۋەبىدىن كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا، ئوت ياققاندا بېسىمىنى سەل تۆۋەنلىتىپ، ئوت ياققاندىن كېيىن يەنە نورمال بېسىمغا تەڭشەش كېرەك. چاقماق يىڭنىسىنىڭ ئورنى بىلەن تىرەك ئارىلىقىنى 4 ـ 6 مىللىمېتىرغىچە تەڭشەش، باتارېيەنى يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇش كېرەك.

9. پاتقاق گازى ئوچىقىنىڭ ئوت يالقۇنى سۇسلاشسا پۇركۇش ئېغىزى ئېتىلىپ قېلىش، ئوت تۆشۈكى چىرىپ كىچىكلەپ كېتىش، گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى ئىچىگە سۇ كىرىۋېلىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا پۇركۇش ئېغىزىنى تازىلاش، ئوت تۆشۈكىنى تازىلاش، تۇرۇبا ئىچىدىكى يىغىلىپ قالغان سۇنى چىقىرىۋېتىش، سۇ بىلەن گازنى ئايرىش ئەسۋابىنى ئورنىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللانسا بولىدۇ. (02)

# بالىلاردىكى ئوت كۆيۈكى ۋە سۇ كۆيۈكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش

رىزۋانگۈل ھەبىبۇللا
(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كەسپىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدىن 830000)

**ئالدىنى ئېلىش:** (1) ئائىلىدە ئوت كۆيۈكى ۋە سۇ كۆيۈكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىپ، بالىلارنى مەش، چىراق ۋە ئوچاق، قىززىق تائاملار قويۇلغان شىرە، قازان، چىنە قاتارلىقلارغا يېقىن يولاتماسلىق كېرەك؛ (2) بالىلارنى يۇيۇندۇرغاندا ئاۋۋال سوغۇق سۇ قويۇۋېلىپ، ئاندىن قىزىق سۇ قويۇپ، سۇنى تەڭشىگەندىن كېيىن يۇيۇندۇرۇش كېرەك؛ (3) چايداننى بالىلارنىڭ قولى يېتىدىغان جايغا قويماسلىق كېرەك؛ (4) تاماق ئەتكەندە بالىلارنى ئاشخانىغا كىرىپ ئويناشقا يول قويماسلىق كېرەك؛ (5) قىزىق تاماق، قورۇما، شورپا، سۇيۇق تائاملارنى شىرەنىڭ چېتىگە قويماسلىق ياكى بالىنىڭ قولى يېتىدىغان يەرگە قويماسلىق كېرەك؛ (6) بالىلارنىڭ سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز تۇڭى، يېقىلغۇ گاز تۇرۇبىسى، چاقماقلارنى ئوينىشىغا ۋە ئۆزى يالغۇز پوجاڭزا ئېتىشىغا قەتئىي يول قويماسلىق كېرەك؛ (7) قىشتا بالىلارغا توك بىلەن ئىسسىتىلىدىغان كۆرپە ئىشلەتكەندە، كۆيۈپ يارىلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تېمپېراتۇرىسىنى بەك يۇقىرى قىلىۋەتمەسلىك كېرەك؛ (8) تازىلاش سۇيۇقلۇقى، كۆيدۈرگۈچى ئىشقار، سۇيۇق ھالەتتىكى خىمىيەۋى ئوغۇتنى، بولۇپمۇ ھاكنى ياخشى ساقلاپ، بالىلارنى يېقىن يولاتماسلىق كېرەك.

**داۋالاش:** مۇبادا ئوت ياكى سۇدا كۆيۈپ يارىلانسا، كۆيگەن يەرنى دەرھال تۇرۇبا سۈيى ياكى پاكىز سوغۇق سۇ بىلەن 10 مىنۇت ئەتراپىدا چايقاپ يۇيسا، كۆيگەن يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىپ، سۇلۇق قاپىرىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئەگەر كۆيگەن تېرىگە كىيىم چاپلىشىپ قالغان بولسا ھەرگىزمۇ كۈچەپ تارتىپ ئاجراتماسلىق كېرەك. ئوت

# ئۈجمىنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتى ھەم ئىقتىسادىي قىممىتى

تۇرسۇن پىداقۇل
(يەكەن ناھىيەلىك كوناشەھەر باشلانغۇچ مەكتەپتىن 844700)

ئۈجمە — ئۈجمە ئائىلىسى، ئۈجمە ئۇرۇقدىشىغا تەۋە بولغان، يوپۇرماق تاشلايدىغان، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، چوڭقۇر يىلتىز تارتىدىغان، ئې-گىز ئۆسىدىغان (15 - 20 مېتىرغىچە)، كۆپ يىللىق، ياغاچ غوللۇق، مې-ۋىسى شىرىنلىك، سۇلۇق، ئۇششاق ئۇرۇقلۇق دەرەخ بولۇپ، 100 يىلدىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرىدۇ. مەلۇم دورىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ھەم ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە. ئاق ئۈجمە، قارا ئۈجمە، چېقىر ئۈجمە، ياۋا ئۈجمە، ئەركەك ئۈجمە، چوڭ يوپۇرماقلىق ئۈجمە ۋە شاتۇت قاتارلىق سورتلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقىدىن پايدىلىنىپ پە-

---

ياكى سۇدا كۆيگەن يەردىكى كىيىم، ئاياغ، پايپاق قاتارلىقلارنى ئىمكانقەدەر تېز سېلىۋېتىش ياكى قىيىپ ئېلىۋېتىش كېرەك. كۆيگەن يەرگە ھەرگىز-مۇ چىش پاستىسى، سېرىق جياڭيۇ، سودا سۈيى، گېنتىئان ۋىئولېت (紫药水)، قىزىل دورا سۇيۇقلۇقى (红药水) سۈرمەسلىك كېرەك. سۇلۇق قاپىرىپ چىقمىغان بولسا، ئاز مىقداردا سالقىنلاشتۇرىدىغان ماي (清凉油) ياكى سۇ كۆيۈكى مەلھىمى (烫伤膏) سۈرۈش كېرەك. سۇلۇق قاپارتما ئاز-چە چوڭ بولمىسا، ئىمكانقەدەر يېرىپ سۈيىنى چىقارماسلىق كېرەك. مۇبادا سۇلۇق قاپىراتما چوڭىيىپ كەتسە، سۇلۇق قاپارتمىنىڭ ئاستىغا دېزىن-فېكسىيەلەنگەن يىڭنىنى سانجىپ، سۈيىنى چىقىرىۋېتىش، ھەرگىزمۇ تې-رىسىنى سويۇۋەتمەسلىك كېرەك. كۆيگەن يەر چوڭ ۋە مۇرەككەپ بولغان ئوتتۇراھال، ئېغىر دەرىجىدىكى سۇ كۆيۈكى، ئوت كۆيۈكىگە كىرسە، ئىم-كانقەدەر دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالىتىش كېرەك. (02)

لە باققىلى، يىپەكچىلىك سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا ئۈجمە تۇرمۇش، تېبابەتچىلىك، پىلىچىلىك ۋە سانائەتتە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كىشىلەرنىڭ ئىستېمال سەۋىيەسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئۈجمىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۈجمە بالدۇر پىشىدىغان مېۋىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئاق ئۈجمىنىڭ تەبىئىيتى ھۆل ئىسسىق، قارا ئۈجمە بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق، چېقىر ئۈجمە مۆتىدىل، شاتۇت بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، ھەممىسى زەھەرسىز. ئۈجمە تولۇق پىشقاندا تەمى تاتلىق، شىرنىلىك بولۇپ، ئوزۇقلۇق تەركىبىمۇ ئىنتايىن مول. ئادەتتە ئۈجمە تەركىبىدىكى ئېرىشچان قاتتىق ماددىنىڭ مىقدارى 12% گە، يۇقىرى بولغاندا 21% گە، كىسلاتا 0.3% ـ 2.5% گە، مېۋە يېلىمى 0.89% كە يېتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كاروتىن، ۋىتامىن $B_1$، $B_2$ ۋە ۋىتامىن C قاتارلىق تەركىبلەرمۇ بار. ئۈجمە بەدەندىكى تولغاقلارنى ئېچىش، مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش، قان كۆپەيتىش، جىگەر ۋە تال خىزمىتىنى ياخشىلاش، سۈيدۈك ھەيدەش، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، باھنى قۇۋۋەتلەش، بۆرەكنى ياخشىلاش، بەدەننى كۈچەيتىش، قان تولۇقلاش، كۆز قاراڭغۇلىشىش، باش قېيىش، قۇلاق غوڭۇلداشنى ۋە ئۇيقۇسىزلىقنى تۈگىتىش قاتارلىق جەھەتتىمۇ ئالاھىدە ئۈنۈمگە ئىگە. شاتۇت تەرەتنى قاتۇرۇش، سەپرانى پەسەيتىش، ئىسسىقتىن بولغان گال ئاغرىقنى داۋالاش ۋە ئىشتىق ياندۇرۇش قاتارلىق رولغا ئىگە.

ئاق ۋە قارا ئۈجمىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن تاشقىرى يەنە مۇراببا قايناتىشقا، ھالۋا ئېتىشكە، شىرنە پىششىقلاپ ئىشلەشكە، قۇرۇتۇشقا،

تالقان قىلىشقا، كونسېرۋا قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا بولىدۇ. ئۈجمە-نىڭ يوپۇرمىقىدا پىلە قۇرتى ۋە چارۋا باققىلى، قوۋزىقىدا قەغەز ئىش-لەپچىقارغىلى، ياغىچىدا نەپىس ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى ياسىغىلى، ئوتۇن، شاخ - شۇمبىلىرىنى يېقىلغۇ قىلغىلى، مېۋە، يوپۇرماق ۋە قوۋزىقىنىڭ ئاق پوستى ۋە يۇمران شاخلىرىنى مىللىي تېبابەتچىلىكتە دورا قىلغىلى بولىدۇ.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۈجمە دەرىخىنىڭ خام ماتېرىياللىرىدىن 60 خىلدىن ئارتۇق پىششىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدىكەن. ئۈج-مە ياغىچى قاتتىق، سىزىقچىلىرى كۆركەم، ئىچكى تالالىرى رەڭدار، يۈزى پارقىراق بولۇپ، ھۆلچىلىككە، نەملىككە، ئىسسىق، ھورغا چىداملىق، ئو-ۋايلىقچە چىرىمەيدۇ، يېرىلمايدۇ ھەم قايىمايدۇ. ئۇنىڭ ياغىچىدىن ئۆي - ئىمارەت، ئۆي جاھازلىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، مۇزىكا ئەسۋابلىرى، ھۈ-نەر - سەنئەت بۇيۇملىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى قاتارلىقلارنى ياسىغى-لى، كۆتىكى ۋە شاخ - شۇمبىلىرىنى يېقىلغۇ قىلغىلى، چىۋىقلىرىدىن سېۋەت، زەمبىل، چويلا قاتارلىقلارنى توقۇغىلى، قوۋزىقىدىن قەغەز ياسى-غىلى بولىدۇ.

ئۈجمە ئۇرۇقىنىڭ ماي تەركىبىمۇ يۇقىرى بولۇپ، سۈپىتى ياخشى، 100 كىلوگىرام ئۈجمە ئۇرۇقىدىن 15 كىلوگىرام ساپ ماي ئايرىۋالغىلى بولىدۇ. ئۈجمە قوۋزىقىدىن يەنە «خوتەن قەغىزى» دەپ ئاتىلىۋاتقان قەغەز ياساشتىن باشقا، سانائەتتە ئوپتىك ئەينەكلەرنى سۈرتۈشكە ئىشلىتىدىغان نەپىس ئالىي دەرىجىلىك قەغەز، سۈنئىي تالا قاتارلىقلارنىمۇ ئىشلەپچىقار-غىلى بولىدۇ. (02)

## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى

**31 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ مائارىپ مەمۇرىي تارمىقى تەدبىر قوللىنىپ، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ- لەرنىڭ ھېيت - بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرىنى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە ھەقسىز ياكى ئېتىبار باھادا ئې- چىۋېتىشكە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىشى كېرەك. مەھەللىلەردىكى جامائەت پاراۋانلىق ئالاقە تورىغا چىقىش مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى قۇرامىغا يەتمە- گەنلەرگە ھەقسىز ياكى ئېتىبار باھادا ئېچىۋېتىپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەر- گە بىخەتەر، ساغلام بولغان تورغا چىقىش مۇلازىمىتى قىلىش كېرەك.

**32 - ماددا** دۆلەت ئاخبارات، نەشرىيات، ئۇچۇر، رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە، ئەدەبىيات - سەنئەت ئورۇنلىرى قاتارلىق ئورۇنلارنى ۋە ياز- غۇچىلار، سەنئەتكارلار، ئالىملار شۇنىڭدەك باشقا پۇقرالارنى قۇرامىغا يەت- مىگەنلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق ئەسەرلەرنى يارىتىشقا ياكى تەييارلاشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. قۇرامىغا يەتمىگەنلەر ئۈچۈن مەزمۇنى ساغلام كىتاب، گېزىت - ژۇرنال، ئۈن - سىن ھاسىلاتى، ئېلېكترون نەشر بۇيۇمى ۋە تور ئۇچۇرى قاتارلىقلارنى نەشر قىلىش، تەييارلاش ۋە تارقىتىشقا دۆلەت يار - يۆلەك بولىدۇ. دۆلەت پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ۋە پەن - تېخنىكا تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا ئىلھام بېرىدۇ.

**33 - ماددا** دۆلەت تەدبىر قوللىنىپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ تورغا مەستانە بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. دۆلەت قۇرامىغا يەتمىگەنلەر- نىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق تور مەھسۇلاتلىرىنى تەتقىق قى-

لىپ يارىتىشقا، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ تورغا مەستانە بولۇپ كېتىشىنى توسىدىغان يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىشكە ئىلھام بېرىدۇ.

**34 ـ ماددا** ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەر-نى زەھەرلەيدىغان شەھۋانىيلىق، زوراۋانلىق، قاتىللىق، تېررورلۇق، قىمارۋازلىق قاتارلىق مەزمۇندىكى كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال، ئۈن ـ سىن ھاسىلاتى، ئېلېكترون نەشر بويۇمى ۋە تور ئۇچۇرلىرىنى ئىشلىشى ياكى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە سېتىشى، ئىجارە بېرىشى ياكى باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق تارقىتىشى مەنئى قىلىنىدۇ.

**35 ـ ماددا** قۇرامىغا يەتمىگەنلەر ئۇچۇن ئىشلەتكەن، سېتىلغان يې-مەكلىكلەر، دورىلار، ئويۇنچۇقلار، لازىمەتلىكلەر ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئەس-لىھەلىرى دۆلەت ئۆلچىمى ياكى ساھە ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىشى، قۇرا-مىغا يەتمىگەنلەرنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزمەسلىكى؛ دىققەت قىلىدىغان ئىشلار كۆزگە چېلىقىدىغان جايغا ئەسكەرتىپ قويۇلۇشى كېرەك.

**36 ـ ماددا** ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئەتراپىغا قۇرامىغا يەتمىگەن-لەرنىڭ پائالىيەت قىلىشىغا باب كەلمەيدىغان تىجارەتلىك تانسىخانا، كۆ-ڭۈل ئېچىش سورۇنى، ئالاقە تورىغا چىقىش مۇلازىمىتى قىلىدىغان تىجارەت سورۇنى قاتارلىق سورۇنلارنى قۇرۇشقا بولمايدۇ. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ پائالىيەت قىلىشىغا باب كەلمەيدىغان تىجارەتلىك تانسىخانا، كۆڭۈل ئې-چىش سورۇنى، ئالاقە تورىغا چىقىش مۇلازىمىتى قىلىدىغان تىجارەت سو-رۇنى قاتارلىق سورۇنلارغا قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ. تىجارەتچىلەر قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ كىرىشىنى چەكلەش بەلگىلىمىسى-نى كۆزگە چېلىقىدىغان جايغا قويۇپ قويۇشى كېرەك؛ قۇرامىغا يەتكەن ـ يەتمىگەنلىكىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمىغانلارنىڭ سالاھىيەت ئىسپاتىنى كۆرۈپ بېقىشى كېرەك. (05)

# زىيانسىز يېمەكلىك، يېشىل يېمەكلىك، ئورگانىك يېمەكلىك ۋە ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى

ئابدۇللا روزى
(شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىن 830000)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېمەكلىك بىخەتەرلىكى كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى يۇكسەك دەرىجىدە قوزغىماقتا. نۆۋەتتە خەلقئارادا تەبىئىي يېمەكلىك، ئېكولوگىيەلىك يېمەكلىك، ئورگانىك يېمەكلىك قاتارلىق ئاتالغۇلار، مەملىكەت ئىچىدە زىيانسىز يېمەكلىك، يېشىل يېمەكلىك، ئورتگانىك يېمەكلىك قاتارلىق ئاتالغۇلار كەڭ تارقالدى. بۇ هازىرقى زامان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇهىتىنى بۇزۇش، بايلىقنى ئىسراپ قىلىش، مەهسۇلات تەركىبىدىكى بەزى خىمىيەلىك ماددىلارنىڭ ئىنسانلارغا ناچار تەسىر كۆرسىتىشى تۈپەيلىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

**1. زىيانسىز يېمەكلىك:** بۇلغانمىغان، بىخەتەر، ئەلا سۈپەتلىك ئوزۇقلۇق تەركىبىگە ئىگە يېمەكلىكلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، مەهسۇلات ئىشلەپچىقىرىش مۇهىتى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ۋە مەهسۇلات سۈپىتى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئۆلچەم ۋە تەلىپىگە يەتكەندە هەم دۆلەتنىڭ سۈپەت - تېخنىكا نازارەت قىلىش ئورگانلىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىش ئىجازەتنامىسىغا ئېرىشكەن يېزا ئىگىلىك مەهسۇلاتلىرىنى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېمەكلىكنى كۆرسىتىدۇ. 2013 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 23 دېهقانلار كوپىراتىپى كارخانىلار يوللىغان سۈت، گۆش، تۇخۇم قاتارلىق چارۋىچىلىق مەهسۇلاتلىرى دۆلەت سۈپەت تېخنىكا نازارەت قىلىش ئورگانلىرىنىڭ قايتا - قايتا تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقىنىڭ زىيانسىز يېمەكلىك ئىجازەتنامىسىغا ئېرىشكەن.

**2. يېشىل يېمەكلىك:** يېشىل يېمەكلىك ئۇقۇمى ئېلىمىز تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇ يېزا ئىگىلىكنى ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، ئالاهىدە ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى قوللىنىپ ئىشلەپچىقىرىلغان دۆلەتنىڭ سۈپەت - تېخنىكا نازارەت قىلىش ئورگانلىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىش ئىجازەتنامىسىغا ئېرىشكەن، زىيانسىز، بىخەتەر، ئەلا سۈپەتلىك يېمەكلىكنى كۆرسىتىدۇ. يېشىل يېمەكلىك A ۋە AA دىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىگە ئايرىلىدۇ.

A دەرىجىلىك يېشىل يېمەكلىك ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سۈپىتى بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە ماس كەلگەن، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا خىمىيەلىك بىرىكمىلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى يولغا قويۇلغان دائىرىدە چەكلەنگەن، ئالاھىدە مەشغۇلات قائىدىسى بويىچە ئىشلەپچىقىلغان، مەھسۇلات سۈپىتى ۋە قاچىلىنىش ئۆلچىمىگە يەتكەن، تېخنىكا نازارەت قىلىش ئورگانلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىش ئىجازەتنامىسىغا ئېرىشكەن مەھسۇلاتنى كۆرسىتىدۇ. AA دەرىجىلىك يېشىل يېمەكلىك مۇھىت سۈپىتى، بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە ماس كەلگەن ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ھەرقانداق خىمىيەلىك بىرىكمىلەر ئىشلىتىلمىگەن، ئالاھىدە مەشغۇلات قائىدىسى بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان، مەھسۇلات سۈپىتى ۋە قاچىلىنىشى ئۆلچەمگە يەتكەن، ئېتىراپ قىلىش ئىجازەتنامىسىغا ئېرىشكەن مەھسۇلاتنى كۆرسىتىدۇ.

**3. ئورگانىك يېمەكلىك:** خەلقئارادا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىۋاتقان ئاتالغۇ بولۇپ، «ئېكولوگىيەلىك يېمەكلىك»، «بىيولوگىيەلىك يېمەكلىك» دېگەن ئۇقۇمنىمۇ بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «ئورگانىك» دېگەن ئۇقۇم خىمىيە ئىلمىدىكى ئورگانىك ئۇقۇمى بولماستىن، بەلكى بىر خىل ئورگانىك تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق قىلىش بىلەن ئورگانىك پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. ئورگانىك يېمەكلىك يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىدىن كەلگەن بولۇپ، خەلقئارالىق ئورگانىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەلىپى ۋە شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ئۆلچەمگە ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىلغان، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، مۇستەقىل بولغان سۈپەت تېخنىكا نازارەت قىلىش ئورگانلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىش ئىجازەتنامىسىغا ئېرىشكەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتنى، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتنى كۆرسىتىدۇ. يېقىندا دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى دۆلەت ئورگانىك يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەن 3 ـ تۈركۈمدىكى ئورۇنلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلدى. بايىنغولىن ئوبلاستىدىن خوتۇنسۇمۇل ناھىيەسىنىڭ بايىنبۇلاق باقمىچىلىق بازىسى ئىسىملىككە كىرگۈزۈلۈپ، دۆلەت دەرىجىلىك كالا، قوي باقمىچىلىق بازىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

## پاختا دەرىجىسىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى

تۇنساخان
(بورتالا شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 843400)

**1. سورت:** ئوخشىمىغان كېۋەز سورتىنىڭ پاختا تالاسىنىڭ كۈچلۈك-لىكى، ئىنچىكىلىكى، رەڭگى، پارقىراقلىقى ئوخشاش بولمايدۇ، سورتلارنىڭ ساپلىقى قانچە يۇقىرى بولسا، پاختا تالاسىنىڭ دەرىجىسى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

**2. كىلىمات:** پاختا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا قۇرغاقچىلىق، هۆل - يېغىن تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىسا، تولۇق پىشماي، پاختا تالاسىنىڭ كۈچلۈك-لىكى ئاجىز بولۇپ قالىدۇ، پاختا ئېچىلىش مەزگىلىدە تېمپېراتۇرا تۆۋەن، يورۇقلۇق يېتەرلىك بولمىسا، پاختا تالاسىنىڭ پارقىراقلىقى ناچار بولۇپ قالىدۇ. پاختا ئېچىلىش مەزگىلىدە هۆل - يېغىن كۆپ بولسا، سامساق چىشى پاختا، كۆل رەڭ پاختا كۆپ بولىدۇ. ئۈششۈككە ئۇچرىسا، پاختا رەڭگى سېرىق بولۇپ قالىدۇ.

**3. تۇپراق شارائىتى ۋە پەرۋىشى:** شورلۇق تۇپراقتا ئۆستۈرۈلگەن كېۋەزنىڭ پاختىسى سۇت رەڭ، قۇمساق تۇپراقتا ئۆستۈرۈلگەن كېۋەزنىڭ پاختىسى ئاپئاق بولىدۇ. فوسفور، كالىي كەمچىل تۇپراقتا ئۆستۈرۈلگەن كېۋەز پاختا تالاسىنىڭ پىشىش دەرىجىسى ۋە كۈچلۈكلىكى تۆۋەن بولىدۇ.

---

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ئۈچ خىل يېمەكلىكنىڭ هەممىسى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشتىن كەلگەن، ئىشلەپچىقىرىش مۇھىتى بولغان-مىغان، سۈپەت تېخنىكا نازارەت قىلىش ئورگانلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىش ئىجازەتنامىسىغا ئېرىشكەن بولىسىمۇ، سۈپەت ئۆلچىمى جەھەتتە ماهىيەت-لىك پەرقلىنىدۇ. ئورگانىك يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش جەر-يانىدا، هەرقانداق دېھقانچىلىق دورىلىرى، خىمىيەلىك ئوغۇت، سۈنئىي بىرىكتۈرۈلگەن ماددىلارنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. زىيانسىز يېمەكلىك، A دەرىجىلىك يېشىل يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش جەريانىدا چەكلىك دائىرىدە خىمىيەلىك بىرىكمىلەرنى قوللىنىشقا بولىدۇ. بۇ ئۈچ خىل يېمەكلىككە ئۆزىگە ماس كېلىدىغان تاۋار ماركىسى چاپلىنىدۇ. (02)

بەك كۆپ ئوغۇتلانسا ياكى يېتەرلىك ئوغۇتلانمىسىمۇ پاختا تالاسىنىڭ پىدىشش دەرىجىسىگە تەسىر يېتىدۇ، ئېچىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھورمۇنى بالدۇر ئىشلىتىلسە، غوزا تولۇق پىشمايلا ئېچىلىپ، پاختا تالاسى سۇسىزلىنىپ، سوزۇلۇشچانلىقى ئاجىز، سۈپەتسىز تالا شەكىللىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، تۇپراقنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن مۇۋاپىق پەرۋىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك.

**4. كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىغا ئۇچراش:** كېۋەزدە كېسەللىك، زىياندash ھاشارات پەيدا بولسا، ئۆسۈپ يېتىلىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، تالاسى تولۇق پىشمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن سامساق چىشى پاختا كۆپىيىپ، دەرىجىسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. شۇڭا كېسەللىك، زىياندash ھاشاراتنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

**5. يىغىۋېلىش ۋاقتى:** كېۋەز تېرىش ۋاقتى كېچىكسە، كۈن نۇرى، يامغۇر، شەبنەم تەسىرىدە پاختا تالاسىنىڭ شام ماددا قەۋىتى بۇزۇلۇپ، پارقىراقلىقى، كۈچلۈكلىكى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، غوزا شاكىلى ۋە يوپۇرماقلاردىكى پىگمېنتلار تالاغا سىڭىپ، داغ پەيدا قىلىپ قويىدۇ. پاختىنى بەك بالدۇر تېرىۋالسا مەھسۇلاتى تۆۋەن بولۇپلا قالماي، سۈپىتىمۇ تۆۋەن بولىدۇ. شۇڭا، پاختا تولۇق ئېچىلىپ 7 ـ 8 كۈن ئىچىدە تېرىۋېلىش كېرەك.

**6. دەرىجىگە ئايرىش:** بىر ئېتىزدا ھەتتا بىر تۈپتە ئېچىلغان پاختىنىڭ سۈپىتىمۇ ئوخشاش بولمايدىغان ئەھۋاللار بار. ياخشى ـ ناچارلىرى ئايرىلمىسا، دەرىجىسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. شۇڭا، پاختا تېرىشتىن تارتىپ سېتىپ چىقارغىچە چوقۇم ياخشى ـ ناچارلىرىنى ئايرىم تېرىش، ئايرىم قۇرۇتۇش، ئايرىم ساقلاش،ئايرىم پىششىقلاپ ئىشلەش، ئايرىم سېتىش كېرەك.

**7. پىششىقلاپ ئىشلەش:** ئىلغار، ياخشى تەڭشەلگەن ئۈسكۈنىلەردە چىقىرىلغان پاختىنىڭ سۈپىتى ياخشى، قىسقا تالا نىسبىتى تۆۋەن بولىدۇ. شۇڭا، ئىمكانقەدەر ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىش ھەم ئۆلچەم بويىچە ياخشى تەڭشەش ۋە ئاسراش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوراش ـ قاچىلاش تەلىپىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش، پاختىنى نەم تارتقۇزۇپ قويماسلىق كېرەك. (02)

# ئاپتورلار سەمىگە

«يېزا پەن - تېخنىكىسى» ژۇرنىلى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلىۋاتقان، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ئۆلكە دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال ئايلىق ژۇرنال. ئالدى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى ئىزچىل قوللىغان ھەر ساھەدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ، سۇپەتلىك ماقالە بىلەن تەمىنلەۋاتقان قېرىنداشلارنىڭ يېڭى يىلىنى تەبرىكلەش بىلەن بىرگە تېنىچلارنىڭ ساغلام، ئىشلىرىڭلارنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز. شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىن ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولۇش، ماقالە يېزىش ۋە ماقالە ئەۋەتىشتە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

1. ئاپتورلار ماقالىنى سۆز - جۈملىلىرى ئېنىق، ئىملاسىنى توغرا قىلىپ، كومپيۇتېردا (ئەلكاتىپ خەت سىستېمىسىدا) ئۇرۇپ، ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقىمىزغا يەنى ھەلىمە تۇرسۇن 2457445574@qq.com؛

ئابلەت ھەبىبۇللا 1797235858@qq.com

ئەنۋەر مۇھەممەت 657312760@qq.com يوللىسىڭىز بولىدۇ.

2. ماقالە ماۋزۇسىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى، ئىسىم - فامىلىڭىزنى كىملىكتىكى بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچىسىنى يېزىپ ئەۋەتىڭ.

3. ماقالىدىكى ھەرقانداق ئاتالغۇ، دورا ۋە سورتلارنىڭ نامىنى ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە ئۆلچەملىك ئېنىق يېزىپ ئەۋەتىڭ.

4. ماقالىدىكى سان - سىفىرلارنىڭ ئېنىق، توغرا، ئىشەنچلىك بولۇشى ئۈچۈن، ماقالىڭىزنى ئىدارىڭىزنىڭ مەسئۇل خادىمىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئىدارىنىڭ تامغىسىنى باستۇرۇپ ئەۋەتىڭ.

5. ماقالىنىڭ ئاخىرىغا ئادرېسىڭىز، خىزمەت ئورنىڭىز، ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرىڭىز ۋە ئېلخەت ئادرېسىڭىزنى ئېنىق يېزىپ ئەۋەتىڭ.

6. ژۇرنىلىمىز ئايدا بىر سان نەشر قىلىنىدۇ، ماقالىلارنىڭ پەسىلگە ماس كېلىشى ۋە ۋاقتىدا ئېلان قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ماقالىڭىزنى ئىمكان بار ماس كېلىدىغان پەسىل كېلىشتىن ئىككى ئاي بۇرۇن تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىڭ.

ئادرېسىمىزنى ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 403 - قورۇ «يېزا پەن - تېخنىكىسى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە تېگىدۇ، دەپ يازسىڭىز بولىدۇ. (02)

# مۇنەۋۋەر خانىمنىڭ بىر قىسىم شان-شەرەپلىرى










































ئۈرۈمچى شەھىرى مۇنەۋۋەر مودا كىيىم سودا چەكلىك شىركىتى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ۋاكالەتچى قوبۇل قىلىدۇ. ئالاقىلىشىش نومۇرى: 13579229961 13319885569



# 1-ماي خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!



مۇنەۋۋەر خانىم لايىھەلەپ بازارغا سالغان كىيىم-كېچەكلەر ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ گۈل ھۆسنىگە گۈل قوشماقتا.

ھەلىمە تۇرسۇن خەۋىرى ۋە فوتوسى


农村科技

(月刊)

يېزا پەن — تېخنىكىسى

(ئايلىق ژۇرنال)

باشقۇرۇپ چىقارغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «يېزا پەن -تېخنىكىسى» ژۇرنىلى رېداكسىيەسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن تېلېفون ۋە فاكس نومۇرى: 0991 — 4505075

مۇھەررىرلەر: ئابلەت ھەبىبۇللا ئەنۋەر مۇھەممەت

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 403 - قورۇ پوچتا نومۇرى: 830091

باسقۇچى ئورۇن: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى باھاسى: 2.00 يۈەن

تارقاتقۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: جايلاردىكى پوچتىخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، پەن-تېخنىكا ئىدارىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN 1004-1095

مەملىكەتلىك بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65-1046/S-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 123 - 58 ئېلان كىنىشكا نومۇرى: 0016